چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# يېۋگېنىي گىراندې

بالزاك [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: روشەنگۇل تۇرسۇن

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇنجان تۇنىياز

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 978-7-80658-933-5

9 787806 589335 >

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# يېۋگېنى گراندې

**بالزاك [فرانسىيە]**

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇسالام ئابلىز
تۇرغۇنجان مەخمۇت



图书在版编目（C I P）数据

欧也妮／葛朗台（法）巴尔扎克(Balzac,H.)著;林瑟改编；阿布都沙拉木·阿布力孜译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2009.6

ISBN 978-7-80658-933-5

I．欧… Ⅱ.①巴…②林…③阿… Ⅲ.长编小说－法国－近代－缩写本－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.1565.44

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第037203号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12ـ ئاي 1ـ نەشرى 1ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**يېۋگېنىي گراندې**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

2006 ـ يىل 5ـ ئاي 1ـ نەشرى، 2009 ـ يىل 8ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787×970 mm :1/32 باسما تاۋىقى: 7.25

ISBN 978-7-80658-933-5

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：艾比布拉·艾力
吐尔洪·吐尼亚孜
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

欧也妮·葛郎台（维文）

阿布都沙拉姆·阿木力孜
吐尔洪江姆·买合木提　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006 年 5 月第 1 版　2009 年 8 月第 2 次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：7.25
ISBN 978-7-80658-933-5

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

بالزاك (1799 — 1850) فرانسىيىنىڭ مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى بولۇپ، فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسىمىدىكى سودا ـ سانائەت تەرەققىي قىلغان تور شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئەسلىي دېھقان بولۇپ، كېيىنچە شەھەرگە كۆچۈپ كىرگەن. بۈيۈك ئىنقىلاب ۋە ئىمپېرىيە دەۋرىدە ئۇ ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان. ئۇ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىگە ناھايىتى قىزىققان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇرژۇئا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يامان ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان. بالزاكنىڭ ئانىسى باي بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، «مال ـ دۇنيا دېمەك — بۈگۈنكى كۈندە ھەممە دېمەكتۇر» دېگەنگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. دېمەك، مۇشۇنداق بىر ئائىلە مۇھىتى بالزاكنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتكەن.

بالزاك 1814 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پارىژغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇ پارىژدا ئىمپېرىيىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە پادىشاھلىقنىڭ تىرىلىشىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشى بىلەن قانۇن ئۆگىنىشكە باشلىغان ۋە دەۋا
ۋاكالەتچىلىكى ھەم قانۇن ئىشلىرى ئورۇنلىرىدا پراك-
تىكانت بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ يەر بالزاك ئۈچۈن جەم-
ئىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە خىلمۇخىل
دېلولار ئارقىلىق مال - دۇنيانى چۆرىدىگەن ھالدا ئارقا -
ئارقىدىن بولۇۋاتقان كۈرەشلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى
كۆرۈۋالىدۇ، بۇ ھال بالزاكنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى
ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىشتىياق
باغلىغىنى قانۇن بولماستىن، بەلكى ئەدەبىيات ئىدى.
ئائىلىسىدىكىلەر بالزاكنىڭ ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ
قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى
سىناپ بېقىشىغا قوشۇلىدۇ.

ھالبۇكى، بالزاك بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ
ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىنى
تاماملايدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى بەش پەردىلىك شېئى-
رىي تراگېدىيە «كرىمۋېل» بولۇپ، بۇ ئەسەرگە «مۇۋەپ-
پەقىيەتسىز چىققان ئەسەر» دېگەن باھا بېرىلىدۇ. كې-
يىن ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قىزىقچىلىق تۇ-
سىنى ئالغان ھېكايىلەر ۋە ئەۋلىيا - ئەنبىيالار تەسۋىر-
لەنگەن ھېكايىلەرنى يازىدۇ، بىر مەزگىل ئەدەبىياتتىن
ۋاز كېچىپ، سودا ئىشلىرى ۋە كارخانا ئىگىلىكى بىلەنمۇ

شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ بۇ ساھەدىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، پايدا ئېلىش ئۈمىدى تۈگىگەندىن كېيىن، گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، ئۆزىنى جاپالىق ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئاتاشتىن باشقا ئىلاج بولمايدۇ. ئەمما بۇ ھال ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن تۇرمۇش ئاساسى بولۇپ قالدى، كاپىتالىزمنىڭ رەھىمسىز رىقابىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بالزاك ئەدەبىي ئىجادىيەتكە باشقىدىن كىرىشىدۇ.

بالزاك 1829 ـ يىلى تۇنجى رومانى «جۇئانىستلار» نى ئېلان قىلىش بىلەن، «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» ناملىق چاتما ھېكايىلىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى تاماملاپ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت يولىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ.

بالزاكنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى 90 پارچىدىن ئارتۇق رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىدىن تەركىب تاپقان «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» دىن ئىبارەت. «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر»—«ئۆرپ ـ ئادەت تەتقىقاتى»، «پەلسەپىۋى قائىدىلەر تەتقىقاتى» ۋە «ئانالىتىك تەتقىقات» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۆرپ ـ ئادەت تەتقىقاتى» ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن فرانسىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنى شەخسىي

تۇرمۇش، باشقا ئۆلكىلەر تۇرمۇشى، پارىژ تۇرمۇشى، سىياسىي تۇرمۇش، ھەربىي تۇرمۇش ۋە يېزا تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئالتە قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. «يېۋگېنى گراندې» «باشقا ئۆلكىلەر تۇرمۇشى» غا ئائىت ناھايىتى داڭلىق بىر ئەسەردۇر.

«بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» بالزاكنىڭ فرانسىيە ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئۆلمەس ئۇستازغا ئايلاندۇردى.

بالزاك ياش چېغىدا تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن: «ناپولېئون ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلارنى مەن قەلەم بىلەن ئورۇندايمەن» دېگەنىدى. ناپولېئون ئىمپېرىيىسى بەربات بولغاندىن كېيىن، بالزاكنىڭ «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» ناملىق ئەسىرى ئىنسانىيەت سەنئەت مۇساپىسىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان نامايەندە بولۇپ قالدى. ئېنگېلس «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» گە يۇقىرى باھا بېرىپ: «مەن ئۇنىڭدىن ئىقتىسادىي تەپسىلاتلار جەھەتتە ئۆگىنىۋالغان نەرسىلىرىم ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى بارلىق كەسپىي تارىخشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ستاتىستىكىشۇناسلاردىن ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەردىنمۇ خېلى دەرىجىدە كۆپ بولدى» دېگەنىدى.

بالزاك 1850 ـ يىلى 18 ـ ئاۋغۇستتا 51 يېشىدىلا دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشتى.

گراندې ئەپەندى سومىيۇرادىكى ئابرۇيلۇق كىشى ئى-
دى، ئۇنى بەزىلەر گراندې بوۋاي دەپمۇ ئاتىشاتتى. ئۇ
ناھايىتى باي، ساۋاتلىق كىشى ئىدى، ھېساب ـ كىتاب
ئىشلىرىغىمۇ پۇختا ئىدى. 1789 ـ يىلى فرانسىيە جۇم-
ھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتى دىنىي جەمئىيەتنىڭ سومىيۇ-
رادىكى ۋەخپىلىرىنى ساتقاندا ئۇ دەل 40 ياشلاردا بولۇپ،
پۇلدار تاختاي سودىگىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇ
ئۆزىدىكى نەق پۇل بىلەن ئايالىنىڭ تويلۇق مېلىنى
قوشۇپ 2000 تىللا تەييارلاپ، رايونلۇق ھۆكۈمەتكە بار-
دى. قېيناتىسى بەرگەن 400 تىللانى دۆلەت مۈلكىنى
كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان
جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ قاتتىق قول بىر ئادى-
مىنىڭ گېلىغا ئۇرۇپ، رايون بويىچە ئەڭ ياخشى بىر
ئۈزۈملۈك باغ بىلەن كونا بىر موناستىرنى، ئۇنىڭغا
قوشۇپ بىرنەچچە پارچە تېرىلغۇ يەرنى توغرا يول بىلەن
دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا قانۇنغا سىغىدىغان قى-
لىپ ئەرزانلا سېتىۋالدى. سومىيۇرانىڭ ئاھالىسى ئىن-
قىلابقا قىزىقمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر
پارتىيىسىگە تەۋە گراندې بوۋاي جاسارەتلىك، ۋەتەنپەرۋەر

ۋە يېڭى ئېقىمغا قىزىقىدىغان شەخس ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇملۇك بېغىغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ سومىيۇرا رايونىنىڭ مەمۇرىي ھەيئىتى قى-لىپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ سىياسىي ۋە سودا ئىشلىرىغا ئوبدانلا تەسىر كۆرسەتتى. سىياسىي جەھەتتە، ئۇ فرانسىيە بۇرژۇئا بۇيۇك ئىنقىلابىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنى قانات ئاستىغا ئالدى، سەرسان بولۇپ كەتكەن يېزا تۆرىلىرىنىڭ مال - بىساتىنى ھۆكۈمەتنىڭ كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشىدىن ساقلاپ قالدى. سودا ئىشلىرىدا ئىنقىلابىي ئارمىيىگە بىر - ئىككى مىڭ كۇپ ئاق ئۇزۇم ھارىقى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە مە-لۇم بىر موناستىرنىڭ ئەڭ ئاخىردا كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشقا قالدۇرۇلغان ياخشى بىر چارۋىچىلىق مەيدانى-نى ئېلىۋالدى، جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە گراندې رايون باشلىقى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى باشقۇردى، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئۇزۇمدىن ئالىدىغان پايدى-سىمۇ كۆپ ئىدى. ناپولېئون ئىمپېراتور بولغان مەز-گىللەردە كىشىلەر ئۇنى گراندې ئەپەندى دەپ ئاتىدى. ناپولېئون جۇمھۇرىيەتچىلەرنى ياقتۇرمىغاچقا، گراندې-نىڭ ئورنىغا كېيىن بارونلۇق ئۇنۋانى ئالغان باشقا بىر پومېشچىكنى قويدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ «قىزىل قالپاق» لىق ئىنقىلابچى دەپ قارالغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

گراندې رايون باشلىقلىق مەنسىپىدىن قالغىنىغا قىلـ
چە ئىچىنىمىدى، ئۇ مەنسەپ تۇتۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا بۇ
شەھەرگە بىرنەچچە تاشيول ياساپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىگىـ
لىكى بار جايلارغا تۇتاشتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۆي ـ زېمىنـ
لىرىنىڭ كۆلىمىنى ئۆلچىگەندە، ئارىدىن خېلى پايدا
ئالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە باجنىمۇ كۆپ تاپشۇرمىدى.
1806 ـ يىلى مەنسىپىدىن قالغاندا ئۇ 47 ياشتا، ئايالى 36
ياشتا، يالغۇز قىزى ئون ياشتا ئىدى، مەنسىپىدىن ئايـ
رىلىپ قالغىنىغا تەگرىنىڭ ئىچى ئاغرىدىمۇ، ئىشقىـ
لىپ شۇ يىلى ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قېينانىسى دې. لا.
گادېر خانىم، ئايالىنىڭ بوۋىسى دې. لا. بېرتېلېر ئەپەنـ
دى، ئۆزىنىڭ مومىسى ژانىتى خانىمدىن ئۇچ ئۇلۇش
مىراسقا ئىگە بولدى. ئۇلاردىن قالغان مال ـ دۇنيا ھەدـ
دى ـ ھېسابسىز ئىدى. بۇ قېرىلار پۇلنى جېنىدىنمۇ
ئەزىز كۆرۈپ، بىر ئۆمۈر مال ـ دۇنيا توپلىغانىدى.
دې.لا.بېرتېلېر ئەپەندى مەبلەغ سېلىشنى پۇلنى بۇـ
زۇپ ـ چاچقانلىق دەپ چۈشىنەتتى، «جازانىگە بەرگەندىن
ئالتۇنغا قاراپ ئولتۇرۇش ئەۋزەل» دەپ قارايتتى. گراندې
ئەپەندى مەزكۇر رايوندىكى «ئەڭ كۆپ باج تۆلەيدىغان»
ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈزۈملۈك بېغى يۈز
ئارپان (بىر ئارپان 50 ئارغا تەڭ) غا يېتەتتى، ئۈزۈم ياخشى
ھوسۇل بەرگەن يىللىرى يەتتە ـ سەككىز يۈز كۇپ ئۈـ

زوم ھارىقى چىقىرالايتتى، ئۇنىڭ يەنە 13 يەردە تېرىلغۇ يېرى، بىر كونا موناستىرى بار ئىدى. موناستىرنىڭ ئىشىكلىرى، ئەينەكلىك دېرىزىلىرى سىرتىدىن ئېتىۋېتىلگەنىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۇ بۇلارغا باج تۆلىمەيتتى ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئاسراپ قالالايتتى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ يەنە 127 ئارپانلىق چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئۇ يەردە 1793 ـ يىلى تىكىلگەن 3000 تۈپ ئاق تېرەك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئولتۇراق جايىمۇ ئۆزىنىڭ ئىدى. بۇلار كىشىلەر كۆرەلەيدىغان ئاشكارا بىسات ئىدى. نەق پۇللارغا كەلسەك، بۇنىڭ سانىنى پەقەت ئىككىلا ئادەم تەخمىنەن بىلەتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ جازانىگە قەرز بېرىش ئىشىغا مەسئۇل گوۋاھچى كرىيوشو، يەنە بىرى سوميۇرا بويىچە ئەڭ پۇلدار بانكىر دې. گراسسىن ئىدى. سوميۇرادىكى ھەممىلا ئادەم گراندېنىڭ ئۆيىدە تىللالار دۆۋىلىنىپ كەتكەن مەخپىي خەزىنە بار دەپ ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى يېرىم كېچىدە قوپۇپ ئالتۇنلارغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى سۆز بىلەن تەرىپلەش قىيىن دېيىشەتتى. ئادەتتىكى بېخىللار بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالتۇنغا قاراۋېرىپ سارغىيىپ كەتكەن، دەپ بۇلارنىڭ راستلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. گراندې ئەپەندى باشقىلاردىن زادىلا ئۆتنە ئالمايتتى، بۇ قېرى سوغىچى، ئۇزۇم ئۆستۈرۈشنىڭ پىرى ھوسۇل

ئالغاندا قاچان 1000 كوپ، قاچان 500 كوپ تەييارلاش كېرەكلىكىنى مۇنەججىملەردەك توغرا ھېسابلايتتى. ئۇ ھايانكەشلىكتە ئەزەلدىن زىيان تارتىپ باققان ئەمەس. كوپىنىڭ باھاسى ھاراقىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇ كوپ تىجارىتى قىلاتتى. ھارىقىنى بىر كوپ ھاراقىنىڭ باھاسى 200 فرانكقا چىققاندا ئاندىن ساتاتتى. ئادەتتىكى پومېشچىكلار بولسا بىر كوپ ھاراق 100 فرانك چاغدىلا سېتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇراتتى. پۇل تېپىشتا گراندې خۇددى يولۋاس بىلەن بوغما يىلاننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ گويا شۇ ئىككى مەخلۇققا ئوخشاش ئورنىدىن قىمىرلىماي ئۆز ئولجىسىنى بىر ھازا كۆزىتىدۇ ـ دە ئاندىن ئۆزىنى ئېتىپ، پۇل خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇننى يۇتىدۇ. قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ يىلانغا ئوخشاش كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئىشلىرى بولسا ئۆز يولىدا يۈرۈشۈۋېرىدۇ، ئۇ كوچىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا ھەۋەسلەنمەيدىغان، ھۆرمەت بىلدۈرمەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھېيىقمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. بازاردا ياكى كەچلىرى بولىدىغان قۇرۇق پاراڭلاردا، گراندې ئەپەندىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنماي قالمايدۇ. خېلى كۆپ تىجارەتچىلەر، سارايۋەنلەر سىرتتىن كەلگەنلەر بىر خىل كۆرەڭلىگەندەك قىياپەت بىلەن: «ئەپەندىم، بىزنىڭ بۇ يەردە پۇلى مىليون فرانكتىن ئاشىدىغان ئىككى ـ ئۈچلا

ئائىلە بار، لېكىن گراندې ئەپەندىگە كەلسەك، قانچىلىك تەئەللۇقاتى بارلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تولۇق بىلمەيدۇ،— دېيىشىدۇ.» پارىژلىق بىرەر مېھمان روتشىلداخ ۋە لافېتقا ئوخشاش ئەپەندىلەرنى تىلغا ئالسا، سومىيۇرالىقلارنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ گراندې ئەپەندىچىلىك پۇلى بارمۇ دەپ سورىشى تەبىئىي ئىدى. ئەگەر پارىژلىق كىشى كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىسىلا، ئۇلار باشلىرىنى چايقىشىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قوياتتى. گراندېنىڭ ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكىتى بەرھەق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى، كىيگەن كىيىملىرى، قول ھەرىكىتى، ھەتتا كۆز ئىشارەتلىرىمۇ شۇ يەرلىكلەر ئۈچۈن ئۆزگەرمەس قانۇندەك بولۇپ قالغان، كىشىلەر خۇددى تەبىئىي پەن ئالىملىرى ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي رولىنى تەتقىق قىلغاندەك گراندې ئەپەندىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇششاق ئەرزىمەس ھەرىكەتلىرىدىنلا ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولۇشاتتى. مەسىلەن، بەزىلەر: «قاراڭلار، گراندې بوۋاي پەلەي كىيىۋاپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ يىل قىشتا چوقۇم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ئۈزۈملىرىمىزنى يىغساق بولارمىكىن» دېيىشەتتى ياكى: «گراندې بوۋاي نۇرغۇن تاختاي سېتىۋالدى، بۇ يىل ئۈزۈم ھارىقى ئاز بولمىسا كېرەك» دېيىشەتتى.

گراندىپ ئەپەندى ئەزەلدىن بازاردىن گۆش، بولكا سېتىۋالمايتتى. ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ ئورتاقچىدىلىرى ئۇنىڭغا توخۇ، چۈجە، توخۇم، سېرىقماي، بۇغداي دېگەندەك نەرسىلەرنى يەتكۈزدەك ئەكېلىپ بېرەتتى. گراندىپ بۇلارنى ئىجارە ھەققىگە ھېسابلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئىجارە بەرگەن ئىككى تۈگمىنى بار ئىدى. ئىجارىگە ئالغان كىشى تۈگمەننىڭ ئىجارىسىدىن سىرت، مەلۇم مىقداردا ئۇن تارتىپ، كېپەكى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر خىزمەتكارى ئۇزۇنتۇرا نانېتا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھەر شەنبە كۈنى يەنىلا ئۇنىڭغا بولكا پىشۇرۇپ بېرەتتى. گراندىپ ئەپەندى ئۆز ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان كۆكتات تېرىيدىغانلار بىلەنمۇ كېلىشىۋالغانىدى. ئۇلار گراندېنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. مېۋىلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆز يېرىدىن چىقىدىغان مېۋىلەر ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى، ئوبدان ئوخشىغان يىللىرى تولىسىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ قالايدىغان ئوتۇنلىرى ئېتىزنىڭ چۆرىلىرىدىكى چىتلاق ۋە قورۇپ قالغان دەرەخلەر ئىدى. ئورتاقچى دېھقانلار قورۇپ قالغان قېرى دەرەخلەرنى قىسقا ـ قىسقا ھەرىدەپ ھارۋىلارغا باساتتى ـ دە، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ ئوتۇنخانىسىغا تىزىپمۇ بېرەتتى.

ئۇنىڭ چىقىمىدىن كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنى چېركاۋغا ئىبادەت قىلغىلى بارغاندا ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقىنىڭ، يەيدىغان تامىقىنىڭ ھەققى، شام پۇلى، نانپىتانىڭ ئىش ھەققى، باج، گراندې خانىم بىلەن قىزىنىڭ كىيىملىرىنىڭ ھەققى، ئۆيلىرىنىڭ رېمونت ھەققى، تېرىقچىلىققا كېتىدىغان چىقىملا ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى ئادەتتىكىدەك، ئۆزى جىمىغۇر ئىدى. سۆزلىگەندە ئاددىي، مۇلايىم سۆزلەيتتى. بۈيۈك ئىنقىلابتىن كېيىن، ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەشكە ياكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ دەررۇ كېكەچلەپ، باش ـ ئاخىرى يوق گەپ قىلىپ، قارشى تەرەپنى زېرىكتۈرۈپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغاندى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىگە ياقمىغان، تۇرمۇشتا ياكى سودىدا بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، مەن بۇنى ئۇقمايمەن، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بۇنىڭغا مېنىڭ مەيلىم يوق، قېنى قاراپ باقاي، دېگەن تۆت ئېغىز گەپتىن باشقا گەپ قىلمايتتى. ئۇ، بولىدۇ ياكى بولمايدۇ، دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ باققان ئادەم ئەمەس ئىدى ھەم زادىلا يازما بىرنەرسە قالدۇرمايتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، ئوڭ قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ، جەينىكىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسىگە

قويۇپ جىمىمىدە ئاڭلايتتى. مەيلى قانداقلا ئىشتا بول-سۇن، بىر قارارغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن زادىلا يانمايتتى. ئەرزىمەس كىچىك سودىلاردىمۇ ئۇزاق باش قاتۇراتتى. بىر - بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈش مەقسىتىدە قىلىنغان ئۇزاق سۆھبەتتىن كېيىن، قارشى تەرەپكە سىرىنى قىلچە بىلدۈرمىدىم دەپ ئويلايتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا گراندې ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولاتتى - دە، «خوتۇنۇمنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ قارار چىقىرالمايمەن» دەيتتى. ئۇ زادىلا بىرىنىڭ ئۆيىگە بارمايتتى، باشقىلارنىمۇ ئۆيىگە چاقىرمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا خۇسۇسىي مۈلكنى قەدىرلەش تۇيغۇسى يىلتىز تارتقان بولغاچقا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە پەقەت قول تەگكۈزمەيتتى. تەقى - تۇرقىغا كەلسەك، ئۇ بويى ئۈچ گەزدىن ئوشۇقراق كېلىدىغان، بەستلىك ئادەم ئىدى؛ پاقالچاقلىرى ناھايىتى توم، كەڭ يەلكىلىك، قارامتۇل يۈزلىرى چوقۇر، ئېگىكى ئۇچلۇق، كالپۇكلىرىنىڭ ھېچقانداق ئەگمىسى يوق، چىشلىرى ناھايىتى ئاق ئىدى؛ يىلاننىڭكىدەك كۆزلىرىدىن ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. چوڭقۇر قورۇق باسقان پېشانىسىنىڭ بۆرتۈپ چىققان جايلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. سېرىق چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان بولۇپ، گراندېنى مەسخىرە قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمەيدىغان

ياشلار ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئالتۇن ئىچىگە كۈمۈش ئۇ-
نۇپتۇ دەپ چاقچاق قىلىشاتتى، ئۇنىڭ ئۇچى تەرىپى
يوغان بۇرنىنىڭ بىر تەرىپىدە توپۇق بولۇپ، توپۇقنىڭ
ئىنچىكە قىزىل تومۇرلىرى كۆرۈنۇپ تۇراتتى، بەزى
تېتىقسىزلارنىڭ بۇ توپۇقنى قۇۋلۇق - شۇملۇقنىڭ
خالتىسى دېيىشلىرى بىكار ئەمەس ئىدى. بۇ چىراي
ئۆزىنىڭ بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى بايلىق توپلاش
غېمىگە مەركەزلەشتۇرگەن ئادەمنىڭ خەتەرلىك ھىيلە-
گەرلىكىنى، سوغۇق ۋىجدانىنى ۋە شەخسىي مەنپەئەتپە-
رەسلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسە-
سىنى ئازراق بولسىمۇ قەدىرلەيتتى، ئۇ بولسىمۇ قىزى
يېۋگېنىي ئىدى. ئۇ دائىم بىر خىللا كىيىنىپ يۇرەتتى،
تاشقى كۆرۈنۇشى 1791 - يىلىدىكىگە ئوخشاش ئىدى.
خۇددى ژاندارمىلارنىڭكىگە ئوخشاش پۇختا تىكىلگەن
پەلەيلىرىنى ئۇ 20 ئاي كىيدى. پەلەيلىرىنى كىرلەش-
تۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن، ھەرقاچان پەلىيىنى ئادىتى
بويىچە شلەپىسىنىڭ بىرلا تەرىپىگە قوياتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىگە ئالتىلا كىشى كىرەلەيتتى، ئالدىنقى
ئۇچ كىشىنىڭ ئىچىدە مۇھىم دەپ سانىلىدىغىنى
كرىيۇشۇنىڭ جىيەنى ئىدى، بۇ ياش يىگىت سومىيۇرادىكى
تۆۋەن سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كې-
يىن، كرىيۇشۇ دېگەن فامىلىگە يەنە دې. بونفون دېگەن

ئىسمىنىمۇ قوشۇۋېلىپ، كى. دې. بونفون دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاق چىقىرىشقا تىرىشتى. ناۋادا ئۆزىنى سورىمىغان بىرەر ئەرز سۇنغۇچى ئۇنى «كرېۋشو ئەپەندى» دەپ چاقىرىپلا قويىدىغان بولسا، ئېنىقكى، شۇ كىشى سوتتا ئۆزىنىڭ ئويلىماي سۆزلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان يەيتتى. ئۇنى «سوت باشلىقى ئەپەندى» دەپ ئاتىغانلار سوتچىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەتتى، «دې. بونفون ئەپەندى» دەپ ئاتىغۇچى خۇشامەتچىلەرگە چىرايىنى ئېچىپ، تەبەسسۇم قىلاتتى. سوت باشلىقى ئەپەندى 33 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ «دې. بونفون» ناملىق بىر قورۇقى بولۇپ، يىلدا 7000 فرانكلىق كىرىم قىلاتتى. ئۇ يەنە ئىككى تاغىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى گوۋاھچى، يەنە بىرى پوپ بولۇپ، ئۇ ئىككىيلەن پۇلدارلار دەپ قارىلاتتى. بۇ ئۈچ كرېۋشونىڭ جەددى ـ جەمەتى كۆپ ئىدى. شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا ئون ـ يىگىرمە ئائىلىلىك تۇغقانلىرى بولۇپ، ئۇلار بىر گورۇھ بولۇپ ئۇيۇشقانىدى.

دې. گراسسىن خانىمنىڭ 23 ياشلاردىكى ئادولفا ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. گراسسىن خانىم يېۋگېنې خان قىزنى سۆيۈملۈك ئوغلى ئادولفاغا ئېلىپ بېرىش نىيىتىدە بولغاچقا، گراندې خانىم بىلەن قارتا ئويناشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. بانكىر دې. گراسسىن

ئەپەندى ئايالىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا پۇ-تۇن كۈچى بىلەن ماسلىشىپ، پىخسىق بوۋايغا ئاس-تىرتىن ياردەم قىلاتتى. بۇ ئۇچەيلەننىڭمۇ ھە - ھۇ دې-يىشىدىغانلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە سادىق دوست-لىرى بار ئىدى. كرىيۇشۇلار جەمەتى تەرەپتە پوپ گۇ-ۋاھچى قىرىندىشى يار - يۆلەك بولۇپ تۇرغاچقا، جىيە-نىنىڭ گراندېنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بانكىرنىڭ خانىمى بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقماقچى بولدى. كرىيۇشۇ جەمەتى بىلەن دې. گراسسىن جەمەتىنىڭ يېۋگېنېنى تالىشىپ قىلى-ۋاتقان كۆرەشلىرىگە سومىيۇرادىكى ھەممەيلەن تولىمۇ قى-زىقاتتى. يېۋگېنې خانقىز كەلگۈسىدە كىمگە ياتلىق بولار؟ سوت باشلىقى ئەپەندىمگىمۇ ياكى ئادولفا. دې. گراسسىن-غىمۇ؟ شۇ يەردىكى ئىچكى ئىشلاردىن خەۋەردار ئەربابلا-رنىڭ ئېيتىشىچە، گراندېغا ئوخشاش بۇنداق قىلنى قى-رىق ياردىغان ئادەم ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنى ھەرگىزمۇ يات ئادەملەرنىڭ قولىغا قالدۇرمايدىكەن، يېۋگېنې خان-قىزنى پارىژدىكى ھاراق سودىسى قىلىدىغان پۇلدار گراندې ئەپەندىنىڭ ئوغلىغا بېرىدىكەن. 1818 - يىلىدىكى بىر ئىشتا كرىيۇشۇ جەمەتى گراسسىن جەمەتىدىن ئۇس-تۇن كەلدى. فرافون قورۇقى ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرى-سى، يەنى باغلىرى، كۆللىرى، ئورمانلىرى، ئوۋچىلىق

مەيدانى ۋە داچىلىرى بىلەن داڭلىق بولۇپ، ئۈچ مىليون فرانكقا يارايتتى، ياش فرافون ماركىزغا نەق پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ، بۇ يەرنى ساتماقچى بولدى. گوۋاھچى كريۇشو، سوت باشلىقى كريۇشو، پوپ كريۇشو ۋە ئۇ-لارنىڭ يېقىنلىرى ماركىزنى بۇ جاينى بۆلۈپ سېتىش نىيىتىدىن ياندۇرۇشتى. گوۋاھچى ئۇنىڭغا، بۇ يەرنى بۆلۈپ ساتقاندا باھا قويغۇچى كىشى بىلەن ناھايىتى كۆپ رەسمىيەتلەرنى ئۆتەشكە توغرا كېلىدىغانلىقى، ئۇ-نىڭدىن كۆرە بۆلمەيلا ساتقاننىڭ پايدىسى كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ يەرنى نەق پۇل تۆلەپ سېتىۋالالايدىغان كىشىنىڭ گراندې ئەپەندى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ-نىڭ بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان مار-كىزنىڭ بۇ مەنزىرىلىك مۈلكى يېرى گراندېنىڭ ئى-گىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتتى، بوۋاي رەسمىيەتلەرنى ئۆ-تەپ بولۇپلا نەق پۇل تۆلىدى، بۇ ئەھۋال پۈتكۈل سوم-يۇرالىقلارنى ھەيران قالدۇردى، ھەتتا بۇ خەۋەر نانت ۋە ئورلېئانغا تېزلا تارقىلىپ كەتتى. گراندې ئەپەندى بىر ئىش بىلەن يېزىغا بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھار-ۋىغا ئولتۇرۇپ يېڭىدىن سېتىۋالغان باغۋارانلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە بۇ يەردىكى زېمىنغا خوجايىنلىق سۈپىتى بىلەن بىر قۇر كۆز سېلىپ چىققاندىن كېيىن سومىيۇراغا قايتىپ كەتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى پايدىسىنى

ناھايىتى يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق يەر ـ
بىساتلىرىنى فرافون قورۇقىغا قېتىۋېتىپ، ئۇنى كې-
ڭەيتىش خىيالىغا كەلدى. ئارقىدىنلا بۇ قېتىمقى سودا
تۇپەيلىدىن قۇرۇقدىلىپ قالغان خەزىنىسىنى قايتا تول-
دۇرۇش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئورمانلىقىدىكى دەل ـ دەرەخلە-
رىنى، چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى تېرەكلىرىنى كېسىپ
سېتىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

ئەمدى‌غۇ گراندې ئەپەندىنىڭ تۇرار جايىنىڭ قانچە
پۇلغا يارايدىغانلىقى ئېنىق بولغاندۇ؟ گراندې ئەپەندىنىڭ
تۇرار جايى يېڭى شەھەرنىڭ باش تەرىپىگە، كونا شە-
ھەرنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان، ئىچى دائىم قاراڭغۇ
تۇرىدىغان، سۈرۈن ۋە جىمجىتلىق باسقان ئىمارەت ئى-
دى. بۇ ئىمارەتنىڭ ئىشىك ئەگمىسى بىلەن ئىشىكنىڭ
يان ياغاچلىرى فرانسىيە تۇرمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا
ئوخشايتتى. دۇب ياغىچىدىن ياسالغان قوڭۇر رەڭلىك
ئىشىكنىڭ ھەممە يېرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. تاق قا-
ناتلىق ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر رېشاتكىلىق تۆ-
شۈك بولۇپ، تۆشۈكنىڭ ئۈستىدە ھالقا بار ئىدى، ھال-
قىنىڭ ئۈستىدە دەرۋازا قاقىدىغان تۆمۈر بولقىدىن بىرى
ئېسىقلىق ئىدى. بولقىنىڭ باش تەرىپى غەلىتە شە-
كىلدىكى يوغان بىر مىخقا توغرىلىنىپ تۇراتتى. ئى-
شىك قاققاندا بولقا شۇنىڭغا ئۇرۇلاتتى، ئۇ يەردىن ئىچىگە



قارىسىگىز، ئىچى قاراڭغۇ يېشىل ئەگمىنى كۆرىسىز، ئەگمىنىڭ ئىچىدە بۈزۈلۈپ كەتكەن پەلەمپەي بولۇپ، گۈللۈككە تۇتىشاتتى. گۈللۈكنىڭ ئەتراپى قىلىن تام بىلەن قورشالغاندى. بىنانىڭ ئاستىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆي مېھمانساراي ئىدى. مېھمانساراي ئەينى ۋاقىتتا دەھلىز، مېھمانخانا، كۈتۈپخانا ۋە تاماقخانا ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى؛ ئۇ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت سورۇنى، ئورتاق ئىشلىتىدىغان ھوجرىسى ئىدى. ساتىراش يىلدا ئىككى قېتىم كېلىپ مۇشۇ گراندې ئەپەندىنىڭ چېچىنى ياسايتتى؛ ئورتاقچى، پوپ، ھاكىم، تۈگمەنچى قاتارلىقلار گەلگەندىمۇ گراندې ئۇلارنى مۇشۇ ئۆيدە قوبۇل قىلاتتى. ئىشىكنىڭ يېنىدىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە چىغدىن توقۇلغان تەگلىكى بار بىر ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. گراندې خانىم مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا سىرى ئۆچۈپ كەتكەن بىر كىچىك ئۇستەل دېرىزىنى توسۇپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىغا گراندې خانقىزنىڭ كىچىك ئورۇندۇقى قويۇلغانىدى. 15 يىلدىن بېرى 4 ـ ئايدىن باشلاپ 11 ـ ئايغىچە ئانا ـ بالا ئىككىسى ۋاقىتنى مانا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى ئىشتىن توختىمايتتى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بولغاندا ئاندىن تام مەشنىڭ تۈۋىگە يۆتكىلىپ، قىشنى شۇ يەردە

چىقىرىشاتتى. گراندې پەقەت شۇ كۈنىلا تام مەشكە ئوت قالاشقا رۇخسەت قىلاتتى، 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئوت ئۆچۈرۈلەتتى. قانچىلىك قاتتىق سوغۇق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ قائىدىدە ھەرگىز ئۆزگىرىش بولمايتتى، 4 ـ ئاي بىلەن 10 ـ ئاينىڭ سوغۇق بولغان كۈنلىرىدە ئۆژېنتۈرا نانېتا بىر ئامال بىلەن ئاشخانىدىن ئازراق ئوتۇن ئاچىقىپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن ئاتەشدانغا چوغ سېلىپ بېرەتتى. پۈتۈن ئائىلە-دىكىلەرنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇش ئانا ـ بالا ئىك-كىسىنىڭ ئىشى ئىدى. ئانا ـ بالا ئىككىسى خۇددى ئايال مالايلاردەك ئەتىدىن ـ كەچكىچە قولىدىن ئىش بوشى-مايتتى. يېۋگېنىي ئانىسىغا گۈللۈك شارپا توقۇپ بېرىش ئۈچۈنمۇ يالغان ئېيتىپ شام ئېلىپ، ئۇخلاش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ توقۇيتتى. خەسىس بوۋاي قىزى بىلەن نا-نېتا ئىشلىتىدىغان شامنى ئۆزۈن يىللاردىن بېرى خۇددى كۈندە ئەتىگەندە بولكا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى بەرگەنگە ئوخشاش چاغلاپ بېرەتتى.

ئۆژېنتۈرا نانېتا ئېھتىمال دۇنيادىكى خوجايىنىنىڭ ئېزىشكە چىدايدىغان بىردىنبىر ئادەم بولسا كېرەك. سومىيۇرالىقلار ئۇلارنىڭ بۇ ئايال خىزمەتكارىغا تولىمۇ زوقلىناتتى. خەقلەر ئۇنى ئۆژېنتۈرا نانېتا دەپ ئاتىشات-تى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز ئىدى. ئۇ-

نىڭ گىراندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا 35 يىل بولدى. ئۇنىڭ يىللىق ئىش ھەققى ئاران 60 فرانك بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى شەھەر بويىچە پۇلى ئەڭ كۆپ مالاي دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ بىر يىلدا 60 فرانكتىن ئىش ھەققى ئېلىپ، 35 يىلدا خېلى نۇرغۇن پۇل يىغقانىدى. يېقىندا تېخى ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن 40 مىڭ فرانكنى كرېۋشۇغا ساقلىغىلى بەردى. بىچارە نانېتانى 23 ياشقىچە ھېچكىم ئۆز يېنىغا تارتمىدى. ئۇنىڭ چىرايى كىشىنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە كۆرۈمسىز ئىدى. بۇنداق دېسەك سەل ئاشۇرۇۋەتكەنىمۇ بولار. ئەگەر ئۇنىڭ بېشىنى توپچى ئەسكەرلەرنىڭ بەرەرسىنىڭ بېشىغا ئورنىتىپ قويسا، بەلكىم كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىتىشىمۇ مۇمكىن. نانېتا ئەسلىدە تېنىنىڭ ساغلام، جاپادىن قورقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ سومىيۇرا شەھىرىگە كېلىپ ئىش تاپماقچى بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا گىراندې ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئىش تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن بۇ قىزغا چۈشۈپ قالدى. بۇ سوغىچى ئۇستامىنىڭ بىر قىزنىڭ فىگۇرىسىغا بەرگەن باھاسىدىن قىلچە چاتاق چىقمايتتى؛ قىزنىڭ تەقى ـ تۇرقى خۇددى 60 يىللىق دۇب دەرىخىگە ئوخشايتتى، بەللىرى يوغان، يەلكىلىرى كەڭ، قوللىرى خۇددى ھارۋىكەشنىڭ قوللىرىدەك چوڭ

ئىدى. قۇۋلۇق ـ شۇملۇقتىن ئەسەر يوق، ساددا قەلبى ئىپپىتىگە ئوخشاش پاك ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىيلەرنىڭ-كىدەك مەغرۇر يۈزلىرىدىكى سەپكۈنلەر، تېرىسىنىڭ قارىلىقى، بىلەكلىرىدىكى پولتىيىپ تۇرغان تومۇرلار، ئۇستىدىكى جۇل ـ جۇل كىيىملەر گراندېنى قىلچە سەسكەندۈرمىدى. ئۇ بۇ بىچارە قىزغا ئۇستىگە كىيىم، پۇتىغا ئاياغ، ياتىدىغانغا ئورۇن ۋە ياللاپ ئىشلەتكىنىگە ھەق بەردى. ئارتۇقچە زۇلۇم سالمىدى. نانېتا گراندېنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىدىن تەسىرلىنىپ، كىشى يوق يەرلەردە خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، سەھەر تۇرۇپ، كەچ ياتتى، يىغىم مەزگىلىدە ئىشلەمچىلەرگە تاماق ئەتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىپ، ئىگىسىگە سادىق ئىتتەك خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسرىدى.

ئۇ خوجايىنىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشىنەتتى. 1811 ـ يىلىنىڭ يىغىم مەزگىلىدە ئۇ پەۋقۇلئاددە جاپا-لىق ئىشلىدى. بۇ نانېتانىڭ گراندېنىڭ ئۆيىدە ئىش-لەۋاتقىنىغا 20 يىل بولغان ۋاقىت ئىدى، بۇ چاغدا گراندېنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ كونا سا-ئىتىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. بۇ، نانېتانىڭ گراندېدىن تۇنجى قېتىم سوۋغا ئېلىشى ئىدى. قىل چاغلىق بىر-نەرسىسى بولمىغان بۇ بىچارە قىز خوجايىنغا ئوخشاش

ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق بولۇپ، ئاخىرى گىراندې ئۇنى خۇددى ئىگىسىگە سادىق ئىتنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان بولدى. نانېتا بولسا بويىنىنى تۈز رازىلىقى بىلەن گراندېنىڭ زەنجىرىگە تۇتۇپ بېرىپ، زەنجىرنىڭ بويىنىغا پېتىپ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. گراندې بولكىنى ئۇلارغا جىڭلاپ بېرىۋاتقاندا ئارتۇقچە پىخسىقلىق قىلىپ كەتسىمۇ، نانېتا ئۇنى قىلچە ئەيىب كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ كەتكەنىدى، گراندې كۈلسە ئۇمۇ كۈلەتتى، گراندې قايغۇرسا ئۇمۇ قايغۇراتتى، ئۇ گراندې بىلەن ئىسسىق ـ سوغۇق، جاپا ـ مۇشەققەت، قايغۇ ـ ھەسرەتتىمۇ بىرگە بولاتتى. ئايرىلمىقى يوق بۇنداق باراۋەرلىك ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا زور تەسەللى ئىدى.

ئۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ شاپتۇل، ئالگىرات، توغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېسە، گراندې ئۇنى ھەرگىزمۇ ئەيىبلىمەيتتى. بەزى يىللىرى مېۋىلەر مەي باغلاپ شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغان چاغلاردا، ئورتاقچىلار چوشقىلارنى مېۋىلەر بىلەن باقاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا گراندې نانېتاغا «يېگىن، نانېتا، تويغۇچە يېگىن!» دەپ قوياتتى. كىچىكىدىن كەمسىتىلىپ كەلگەن بۇ سەھرالىق كەمبەغەل قىزنى گراندې شەپقەت قىلىپ

ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇۋاتاتتى. شۇڭا گراندې بوۋاينىڭ چۈ-
شىنىپ بولمايدىغان كۆلكىسىمۇ ئۇ قىز ئۈچۈن باھار
ئاپتىپىدەك تۇيۇلاتتى. نانېتانىڭ پاك يۈرىكى ۋە ئاددىي
كاللىسىغا پەقەتلا بىرلا ھېسسىيات ۋە بىرلا ئوي - پى-
كىردىن باشقا ھېچقاندەك نەرسە سىغمايتتى. بەزىدە
گراندې بوۋاي بۇ قىزنىڭ بىرەر ئېغىز بولسىمۇ شېرىن
سۆز ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى، ئاياللار ئىگە بولۇشقا تې-
گىشلىك بولغان يالقۇنلۇق قىزغىن مۇھەببەتنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلىسا، ئۇنى
مەھشەرگاھتا بۇۋى مەريەم ئانىدىنمۇ پاك ئايال بولۇپ
چىقىدىغاندەك ھېس قىلاتتى - دە، ئىختىيارسىز ھالدا
ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: «بىچارە نانېتا» دەپ قوياتتى.
گراندېنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا قېرى خىزمەتكارى
ئۇنىڭغا تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز يېقىملىق نەزەر بىلەن
قارايتتى. ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىلغان بۇ ھېسسىيات-
لىق سۆزلەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى باغلاپ
تۇرىدىغان زەنجىرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەر قېتىم
شۇ سۆز ئېيتىلغاندا، زەنجىرنىڭ ھالقىسى بىردىن
كۆپىيىپ باراتتى. گراندېنىڭ بۇ قېرى قىزنى ھاياجانغا
سالىدىغان بۇ ئىچ ئاغرىتىشلىرىدىن نېمىشقىدۇر ئازراق
ۋەھىمە پۇراپ تۇراتتى. قېرى سوغىچىنىڭ قەلبىدە چەك-
سىز ھۇزۇرلىنىش پەيدا قىلىدىغان بۇنداق رەھىمسىز ۋە

يىخسىقلىق ئاساسىدىكى ئىچ ئاغرىتىش، نانىتا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزىگە كېلىشۋاتقان بارلىق بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئاشخانىنىڭ كوچىغا قاراپ تۇرغان دېـ-رىزىسى تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغان بولۇپ، ئىچى دائىم پاكىز، رەتلىك ھەم سۆرۈن تۇراتتى. ئىچىدىكى مەئـ-شەتلەر دۇنياخورلارنىڭ ئاشخانىلىرىغا خاس ھالدا زادىلا بۇزۇپ - چېچىلمايتتى. نانىتا كەچتە چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوچاقنىڭ ئوتىنى تارتىۋې-تىپ، ئاشخانا بىلەن بىر كارىدوردىكى مېھمانسارايغا چىقاتتى ـ دە، خوجايىنلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يىپ ئېشەتتى. كەچلىكى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىر تال شام ياقاتتى. ئايال خىزمەتچى كارىدورنىڭ ئايىغىدىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە ئۇخلايتتى، ئۇ ئۆيگە كۈن نۇرى تامنىڭ ئۇستى تەرىپىدىن ئېچىپ قويۇلغان كىـ-چىكرەك بىر پەنجىرىدىنلا چۈشەتتى. بۇنداق يېتىپ ـ - قوپۇش ئۇنىڭ ساغلام بەدىنىگە قىلچە تەسىر كۆرسىـ-تەلمىگەنىدى. ئۇ شۇ يەردە خۇددى ئۆينى ساقلاۋاتقان ئاپشاركىدەك، كېچە ـ كۈندۈز جىمجىتلىق ئىچىدە تۇ-رىدىغان بۇ ئۆيلەردىكى شەپىلەرگە قۇلاق سېلىپ ياتات-تى.

1819 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يېۋگېنى

گراندېنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. گراندې ئەپەندى ئادىتى بويىچە قىزىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ ئاتىلىق سوۋغىتىنى تەنتەنە بىلەن ئۇنىڭغا سۇندى. 13 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە، ئۇنىڭغا بىر دانە قىممەتلىك تىللا سوۋغات قىلىندى. گراندې خانىم بولسا قىزىغا ئادەتتىكىدەك بىر قۇر يازلىق ۋە قىشلىق كۆڭلەك سوۋغا قىلدى. گراندې قىزىنىڭ پۇللارنى يىغىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. بۇ گراندې ئۈچۈن ئېيتقاندا پۇلنى ئۇ يانچۇقىدىن بۇ يانچۇقىغا ئالماشتۇرغاندەكلا ئىش ئىدى. بۇنىڭ ئۆز قىزىنى كىچىكىدىن تارتىپ خەسىس قىلىپ يېتىشتۈرۈشكىمۇ پايدىسى بار ئىدى. ئۇ قىزىدىن يىغقان دۇنياسىنىڭ سانىنى پات ـ پات سوراپ تۇراتتى. يېۋگېنىيېنىڭ دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىنى گراندې خانىمنىڭ بوۋىسى بەرگەنىدى. گراندې دائىم قىزىغا «بۇ تويۇڭغا ئاتالغان قىز مېلى جۇمۇ» دەپ قوياتتى. تويى بولغان قىزغا قىز مېلى بېرىش قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئادەت بولۇپ، فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بەزى جايلاردا داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، قىزىنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بۆلەكچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن گراندې ئۇنىڭغا مەستلىكى كەلگەندەك:

— بۇگۈن يېڭۈگېنىيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، مەشكە ئوت يېقىپ ئۇنىڭغا بەخت تىلەيلى! — دېدى.

— بۇ يىل خانقىزغا چوقۇم بىر خۇشاللىق ئىش بار، — دېدى نانېتا بۇ ئائىلىنىڭ ئېسىل يېمەكلىكى بولغان غاز گۆشلىرىنىڭ قالدى ـ قاتتىلىرىنى ئۇستەلـدىن يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— سوميۇرادا ئۇنىڭغا لايىق كەلگۈدەك ئادەم يوق، — دېدى گراندې خانىم ئېرىگە قورقۇمسىراپ قاراپ، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان ئايال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

گراندې قىزىغا زەن قويۇپ قاراپ، چاقچاق قىلغانـدەك:

— بۇ يىل ئۇ 23 ياشقا كىرىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئۈچۈن باش قاتۇرمىساق بولمايـدۇ، — دېدى.

يېڭۈگېنىي بىلەن ئانىسى ئاستىرتىن تەڭلا بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— سەل تەخىر قىلايلى، — دېدى گراندې خانىم، ئۇ ئۆزىنى ئائىلىق ھوقۇقۇم بار دەپ ھېس قىلغانىدى.

گراندې خانىم يادائىغۇ كەلگەن، بىچىقىم، چىرايى سېرىق ئايال ئىدى، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشلىرى خۇددى كە-

چىكىدىن ئىشتا چېقىلىپ كەتكەن ئاياللارغا ئوخشاش تولىمۇ سۇس ھەم قولاشمايتتى، پۈتۈن تۇرقى قورۇلۇپ قالغان، سۆيى يوق ھەم تەمسىز ئالمىغا ئوخشايتتى؛ قارىيىپ كەتكەن چىشلىرىدىن بىرنەچچىسىلا قالغان بولۇپ، ئاغزىنىڭ چۆرىسىنى قورۇق باسقان، ئېڭىكى خۇددى كەشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش يۇقىرىغا قاراپ قالغانىدى. بىراق ئۇ كىشىلەرگە تولىمۇ ئوبدان مۇئا-مىلىدە بولاتتى. ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ سىلىق-سىپايە-لىكى پەرىشتىلەرگە، سەۋرچانلىقى ئۇششاق بالىلار ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان چۈمۈلىگە ئوخشايتتى؛ ئاز ئۇچرايدىغان ئىخلاسمەنلىكى، تىنچلىقنى خالايدىغان كۆڭلى زادىلا سۇسلاشمايتتى، ئاق كۆڭۈللۈك ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ۋە خەيرخاھلىقى-نى قوزغايتتى. ئۇنىڭ تۇرقى سەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ-نىڭ تويىغا بېرىلگەن قىز مېلى بىلەن ئۇنىڭغا تەگكەن مىراس گراندې ئەپەندىگە 300 مىڭ فرانكلىق پايدا يەت-كۈزگەنىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بۇ ئائىلىدە قىلچە ئورنى يوق، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. مىجەزىدىكى تۇغما ياۋاشلىق ئۇنى قارشىلىق قىلالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئېرى ئۇنىڭغا بەرگەن پارچە پۇللار ئالتە فرانكتىن ئېشىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئېرىدىن بىر يارماقنىمۇ ئارتۇق سوراپ باقمىغان، ھەتتا

گۇۋاھچى كرىيۇشۇ ئۇنىڭغا قول قويدۇرغان ھۆججەتلەرگە قارىتا گۇمانىي ئويدىمۇ بولۇپ باقمىغانىدى. بۇ ئائىلىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان نەرسە ئۇنىڭدىكى ئەخمەقلەرچە تەكەببۇرلۇق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن قىلىش چاغلىق بىر-نەرسە تەلەپ قىلمايتتى. بەزىدە گراندې ئۇنىڭغا ئالتە فرانك بەرگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغانلىقىنى ئەسلەپ قالسا، خىجالەت بولغاندەك بولاتتى ـ دە، شۇ يىللىق ھوسۇلنى پۇل قىلغان توختامدىكى باھاغا ئازراق نەرخ قېتىپ، خېرىداردىن ئۇندۇرۇۋالغان ئازغىنە پۇلنى خو-تۇنىغا بېرەتتى. گراندېدىن ئۇزۇم ھارىقى ئالغان گوللاند-دىيىلىك ياكى ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا نەچچە يۈز فرانك پۇلنى بىكارغىلا بېرىۋېتەتتى. بۇ گراندې خانىمنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ كىرىمى ئىدى. ئەمما بۇ پۇللار ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈ-شە ـ چۈشمەيلا، گراندې ئۇنىڭدىن: «پۇلىڭىزدىن ئازراق بېرىپ تۇرسىڭىز ـ قانداق؟» دەپ سورايتتى. بىچارە ئا-يال ئۆزىنىڭ يىغقانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن، بىر قىشنىڭ ئىچىدىلا، ئېرى بەرگەن يىپ ـ يىڭنە پۇلىنى ئۇنىڭغا يەنە قايتۇرۇپ بولاتتى.

كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغانلىقىنى مۆلچەرلە-گەن گۇۋاھچى كرىيۇشۇ، كرىيۇشۇ پوپ ۋە دې. بونفون

ئەپەندىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ دې. گراسسىنلارنىڭ ئالدىدا، گراندې خانقىزنى تەبرىكلىگىلى كەلدى. ئۇلار يېۋگېنى خانقىزغا پارىكلىرىدا ئۆستۈرۈلگەن گۈللەرنى ئالغاچ كەلگەنىدى. سوت باشلىقى ئېلىپ كەلگەن گۈلنىڭ دەستىسىگە ئالتۇن باشاق چۇشۇرۇلگەن لېنتا باغلانغانىدى.

ئانا ـ بالا گراندېلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى. سوت باشلىقى مېھمانسارايدا چىراغ يېقىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يېۋگېنىغا:

— خانقىز! تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن كۆڭلىڭىزگە خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن! — دېدى ـ دە، سومىيۇرادا ئاز ئۇچرايدىغان گۈلنى ئۇنىڭغا تۇتتى، ئاندىن قىزنىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ قىياپىتى نېمىشقىدۇر يېۋگېنىنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويدى. بەئەينى دات بېسىپ كەتكەن قوپال بىر تال مىخقىلا ئوخشايدىغان سوت باشلىقى ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىنى قىزلارغا تەلەپ قويغانلىق دەپ ئويلايتتى.

— بۇگۈن يېۋگېنى تۇغۇلغان قۇتلۇق كۈن، ئۆينى تازا يورۇتۇپ ئولتۇرايلى! — دېدى گراندې.

كرىيۇشۇ پوپ بويى پاكار، سېمىز ئادەم ئىدى، چاي

رەڭگىدىكى يالغان چىچى بىسىلىپ قالغاندەك كۆرۈنەت-تى، چىرايى بولسا قىمارۋاز مومايلارنىڭكىدەك كۆرۈنەت-تى.

— دې. گراسسىنلار كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تېخى كەلمىدى، — دېدى گراندې. ئۇ نانېتانىڭ تام مەشنىڭ يېنىدا شام ياندۇرۇۋېلىپ چىگە توقۇماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— نانېتا، ئوچاقنىڭ ئوتىنى، شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرساڭ - قانداق؟ بۇ ئۆي شۇنچە چوڭ تۇرسا، پاتماي قالارسەنمۇ؟

— بىراق، ئەپەندىم، ئۇ يەردە ئىززەتلىك مېھمانلار تۇرسا!

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم ئاتىدىن تۆرەلگەن ئادەملەرغۇ؟

— بۇ يىلقى مەھسۇلاتلىرىڭىزنى ساتتىڭىز-مۇ؟ — دەپ سورىدى گراندې سوت باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن.

— ياق تېخى، راستىنى ئېيتسام ھازىر ساتقۇم يوق، ھازىر ياخشى ھاراق بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن تېخىمۇ ئېسىل ھاراق بولۇپ كېتىدۇ، يەر ئىگىلىرى ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان باھادا چىڭ تۇرىمىز دەپ قەسەم ئىچىشىپتۇ، بۇ يىل بېلگىيىلىكلەر

ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. ئۇلار كەتكەن بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇڭلار، يەنە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى سوت باشلىقى.

— شۇنداق، بىز چىڭ تۇرمىساق بولمايدۇ، — گراند-دېنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرغۇسىدىن سوت باشلىقىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن سودىلىشىۋاتامدۇ - قان-داق؟ — دەپ ئويلىدى كرىيۇشو ئىچىدە، شۇ ئارىلىقتا دەرۋازا قېقىلىپ دې. گراسسىنلارنىڭ كەلگەنلىكى مە-لۇم بولدى.

دې. گراسسىن خانىم پاكار ھەم سېمىزلىككە قارىماي تېتىك ئايال ئىدى. ئاپئاق بەدىنىدىن قىزىللىق تېشىغا تېپىپ تۇراتتى، يېمەك-ئىچمەكتە موناستىر ئىچىدىكى موناخلاردەك قاتتىق پەرز تۇتقاچقا ۋە تۇرمۇشى تەرتىپلىك بولغاچقا، يېشى 40 تىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ياش كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئېرى ناپولېئوننىڭ گۋار-دىيىچىلەر ئارمىيىسىدە ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئوفىتى-سېرى بولۇپ، ئارمىيىدىن چېكىنگەنىدى. ئۇ گراندېنى ھۆرمەت قىلاتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ تۇز كۆڭۈللۈك-دىن ھەربىيلەرگە خاس ئادىتىنى تاشلىمايتتى.

— ياخشىمۇسىز، گراندې، — دېدى ئۇ ئۇزۇمزارلىق خوجايىنىغا قولىنى ئۇزىتىپ. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلى-رىدىن كرىيۇشو ئائىلىسىدىكىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان

بىر خىل ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— خانقىز، — دېدى ئۇ گراندې خانىمدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن يېڭىگېنىيغا قاراپ، — سىز ھەر دائىم شۇنداق گۈزەل، پەزىلەتلىك كۆرۈنىسىز، سىزنى تەبرىكلەشكە قانداق سۆز ئىشلىتىشنى بىلمەيۋاتىمەن.

ئۇ خىزمەتكارنىڭ قولىدىن بىر كىچىك قۇتىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇمىد تۇمشۇقىدىن چىقىدىغان كۆۋارس گۈلى بار ئىدى. بۇ گۈل ياۋروپاغا يېقىندىلا ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ناھايىتى ئاز تېپىلاتتى. دې. گراسسىن خانىم يېڭىگېنىينى قىزغىن قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغامنى مېنىڭ ئورنۇمدا ئادولفا سىزگە تۇتسۇن، — دېدى.

ئادولفا چاچلىرى سېرىق، بويى ئېگىز، چىرايى تاتىراڭغۇ، مېڭىش - تۇرۇشلىرى تولىمۇ ئەدەپلىك، سىرتىدىن قارىغاندا نومۇسچان - قورقۇنچاق كۆرۈنىدىغان يىگىت ئىدى. شۇنداقلىقىغا قارىماي ئۇ يېقىندا پارىژدا قانۇنشۇناسلىقنى ئوقۇۋېتىپ، يېمەك - ئىچمەك، يېيىش - قويۇشتىن باشقا 10 مىڭ فرانكتىن كۆپرەك پۇلنى بۇزۇپ - چېچىۋەتكەنىدى. ئۇ يېڭىگېنىينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، ھەممە يېرىگە ئالتۇن يالىتىلغان چىرايلىق بىر قۇتىنى ئۇنىڭغا

سوندى. قوتا ئۇستىگە ئۇستا خەتتاتنىڭ قولى بىلەن نېمىسچە ئۇسلۇبتا يېۋگېنىينىڭ ئىسمىنىڭ قىسقار- تىلمىسى يېزىلغان بولۇپ، قارىماققا تولىمۇ نەپىس كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئادەم ئالدايدىغان ئا- دەتتىكىلا قوتا ئىدى. يېۋگېنى قوتىنى ئېچىپ ئۆزىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر خىل خۇ- شاللىقنى سەزدى. ئۇ قوبۇل قىلسام بولامدۇ، دېگەندەك قىلىپ ئاتىسىغا لەپپىدە قاراپ قويدى. گراندې ئۇنىڭغا جاۋابەن «ئالغىن قىزىم» دېدى. يېۋگېنىينىڭ خۇشال- لىق ۋە مىننەتدارلىقىغا تولغان كۆزلىرى ئادولفاغا دەممۇدەم تىكىلىپ، كرىيۇشولارنى ھەسەت ئوتىغا پاتـ- قۇزدى. دې. گراسسىن ئەپەندى تاماكا سالىدىغان قوتىـ- سىنى چىقىرىپ ھىبانغا تۇتتى، ئاندىن ئۆزى بىر پۇرىۋېلىپ، كۆك پەلتوسىنىڭ پەتلىسى ئۇستىگە چۈـ- شۈپ قالغان تاماكا ئۇۋاقلىرىنى قېقىۋېتىپ، كرىيۇشولار تەرەپكە قارىدى، ئۇنىڭ تەكەببۇرانە قارىشىدىن گويا «كۆردۇڭلارمۇ، مەن بىلەن بەسلىشەلەمسىلەر!» دەۋاتقاند- ـدەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. دې. گراسسىن خانىم باشقىـ- لارنىڭ ئۇستىدىن كۈلۈشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئايالالارغا ئوخشاش، ئەتەي كرىيۇشولارنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەتراپقا كۆز يۈگۈر- تۈپ، ھاۋا رەڭ لوڭقىغا چىلاقلىق تۇرغان گۈلنى كۆردى.

كرىيۇشۇ پوپ گراندىي بىلەن تام مەشتىن يىراق دېرىزە ئالدىغا بېرىپ، قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ خەقنىڭ بۇنداق قىلىشى پۇلنى تالاغا تاشلىمغانلىق ئەمەسمۇ؟

— كېرەك يوق، تاشلىسىمۇ مېنىڭ جايىمغا چۈشىدۇ، — دېدى گراندىي ئەپەندى.

— مەن ئۆمرۈمدە ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغان، — دېدى يېڭى ئۇنىڭغا، — بۇنداق چىرايلىق نەرسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۇنى ئادولفا سىزگە ئاتاپ ئاتايىتەن پارىژدىن ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ پىچىرلىدى دې. گراسسىن خانىم.

— قېنى ئۇنىڭ بېشىنى قانچىلىك ئايلاندۇرىسەنكىن كۆرۈپ باقاي، شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان ئالۋاستى، — دەپ ئويلىدى ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرگەن سوت باشلىقى ئىچىدە، — سەنلەرنىڭ دەۋا ئىشلىرى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ باقسۇنچۇ قېنى، ئۇ چاغدا مەيلى سەن بول ياكى ئېرىڭ بولسۇن، مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشەمسەنكىن قېنى.؟!

بىر چەتتە ئولتۇرغان گوۋاھچىمۇ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق، تەمكىن قىياپەتتە پوپقا قاراپ ئولتۇرۇپ ئويغا پاتقاندى:

— دې. گراسسىنلار بىكارلا ئاۋارە بولۇشۇۋاتىدۇ،

ئىنىم، جىيەنىم ۋە مەن ئۈچىمىزنىڭ قولىدىكىنى قوشقاندا بىر مىليون فرانكلىق دۇنيايىمىز بار. گراسسىنىنىڭ ھەممە دۇنيايى بىزنىڭكىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بىر قىزىنى ياتلىق قىلىشماقچى. قېنى كۆرەرمىز، ھازىرچە خالىغان نېمەڭنى سوۋغات قىلىپ تۇرۇشقىن! ئاخىر بىر كۈنى گراندېنىڭ بۇ يالغۇز قىزى سەن خەقنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سوۋغاتلىرىڭ بىلەن بىللە قولىمىزغا چۈشمەيدىغان بولسا!

سائەت سەككىز يېرىمدا، قارتىغا ھازىرلانغان ئىككى شىرە تەييار بولدى. قاش - كۆزلىرى قاملاشقان دې. گراسسىن خانىم ئوغلىنى يېۋگېنىينىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، ھەممەيلەن قارىماققا قېرى گوۋاھچىنىڭ چاقچاقلىرىنى — ئۇ ھەر قېتىم قارتىنى ئالغاندا چاقچاق ئارىلاشتۇرماي قالمايتتى — بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىشىمۇ، ھەممىسىنىڭ كاللىسى گراندېنىڭ نەچچە مىليون فرانكلىق تەئەللۇقاتىدا ئىدى. قېرى سوغىچى ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۆرەڭلىگەن ھالدا دې. گراسسىن خانىمنىڭ ئەتىرگۇل رەڭگىدىكى پەيلەر قادالغان شىلەپىسىگە، بانكىرنىڭ سۇرلۇك تۇس ئالغان چىرايىغا، ئادولفا، سوت باشلىقى، پوپ ۋە گوۋاھچىلارنىڭ باشلىرىغا بىر - بىرلەپ سەپسېلىپ چىقىپ،

ئىچىدە: «ئۇلارنىڭ كۆزى مېنىڭ پۇلۇمدا، ئۇلار بۇ يەرگە قىزىمنى دەپ كېلىشىپ ئەخمەق بولۇشۇۋاتىدۇ، مېنىڭ قىزىمنى قولغا چۈشۈرىمەن دېيىشلىرىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، قاراپ تۇرۇش، ھەرقايسىڭنى ئۆزۈم ئۇچۇن كەتمەن چاپقۇزمايدىغان بولسام» دەپ ئولتۇراتتى.

ئۆزۈنتۇرا نانېتانىڭ چاق ئېگىرىشىدىن چىقىقان غوڭۇلدىغان ئاۋاز ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرىغا جور بولۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇ كۈلكىلەرنىڭ ئىچىدە يېۋگېنىي بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كۈلكىسىلا يۈرەك قېتىدىن چىققان ھەقىقىي كۈلكىلەر ئىدى. ئىككى ئائىلىنىڭ يالغان خۇشامەتلىرى ئوتتۇرىسىدىن پايدا ئۇندۇرۇۋاتقان گراندېي بۇ كومېدىيىلەرنىڭ باش رولچىسى ئىدى، بۇ ئويۇن ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ئوينىلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يەردە كىشىلىك ھاياتتىكى مېھىر ـ شەپقەت ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ پەقەت نانېتا، يېۋگېنىي ۋە ئۇنىڭ ئانىسىدىن ئىبارەت ئۇچىلا ئادەمنىڭ ساپ يۈرەكلىرىنى ھاياجانغا سالاتتى. ئۇلاردىكى بۇنداق ساددىلىق ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن خەۋەرسىزلىكىدىن بولغان.

گراندېينىڭ قانچىلىك دۇنياسى بارلىقىنى ئانا ـ بالا ئىككىسى بىلمەيدۇ. ئۇلار كىشىلىك تۇرمۇشقا بىر خىل غۇۋا نەزەر بىلەن قارايدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار سىرىقتال تۇر-

مۇشقا ئاللىقاچان كۆنۈپ قالغان. بۇ سەۋەبلەر ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشقا بولغان كۆزقارىشىنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دەل شۇ چاغدا دەرۋازا قاتتىق قېقىلىپ، خانىملار چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى.

— سومىيۇرالىقلار دەرۋازىنى ھەرگىز بۇنداق قاقمايدۇ، — دېدى گوۋاھچى.

— قايسى خۇنپەردۇ بۇ؟ — دېدى گراندې غۇدۇراپ، نانېتا بىر تال شامنى ئېلىپ دەرۋازىنى ئاچقىلى ماڭدى، گراندېمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. قارتا ئويناۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى. دې. گراسسىن ئەپەندى ياش بىر بالىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ كەينىدە ئۈشنىسىدە ئىككى ساندۇق، قولىدا بىر تېڭىق كۆتۈرگەن پەيتۇنكەشمۇ بار ئىدى، ئاڭغىچە گراندې ئۇشتۇمتۇت كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئايالىغا:

— قارتاڭلارنى ئويناۋېرىڭلار، مېھمانغا مەن بار! — دېدى ـ دە، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق تارتىپ يېپىۋەتتى. بۇ قاقۋاش مېھمانلار ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى، لېكىن قارتا ئوينالمىدى:

— كەلگەن كىشى چوقۇم پارىژدىن كەلگەن، — دېدى گوۋاھچى ئىككىلىك قېلىنلىقتىكى كونا قويۇن

سائەتنى چىقىرىپ، — سائەت دەل توققۇز بوپتۇ. بۇ پەيتۇنچىلارمۇزە قاچانلا بولسا تەييار تۇرغان.

— كەلگەن مېھمان ياش يىگىتمىكەن؟ — دەپ سورىدى كرىيۇشۇ پوپ.

— شۇنداق، ياش يىگىت، — دېدى دې. گراسسىن جاۋاب بېرىپ، — ئېلىپ كەلگەن يۈك - تاقلىرى ئاز دېگەندىمۇ 300 كىلوگرام كېلىدۇ.

شۇ ئارىدا، نانېتا بىلەن پەيتۇنكەشنىڭ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، گراندې مېھماننى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ تۇساتتىن بۇ يەردە پەيدا بولۇشى مەينەتچىلىك باسقان توخۇ كاتىكىگە چىرايلىق بىر توز ئۇچۇپ كىرىپ قالغاندەك بولدى.

— تام مەشىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغىن، — دېدى گراندې ئۇنىڭغا.

— توڭلىدىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟ — دېدى گراندې خانىم، — سىز ھەقچان......

— ئايال كىشىلىكىڭنى قىلىسەندە، — دېدى گراندې ئوقۇۋاتقان خېتىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئاۋۋال ئۇ ئارام ئالسۇن.

— بىراق ئاتا، مېھمانغا بىرەرنەرسە لازىمدۇ؟ — دېدى يېۋگېنى.

— لازىم بولسا ئۆزى دەيدۇ، — دېدى بوۋاي يېۋگې-
نىيغا قاتتىقراق ئاھاڭدا جاۋاب بېرىپ.

بولۇنغان بۇ پاراڭلار ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز ناتونۇش يىگىت ئۈچۈنلا ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلدى. قال-غانلار بولسا بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق قوپاللىقىغا كۆنۈك ئىدى. مېھمان ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان سوئال - جاۋاب-لارنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، تام مەشكە كېيىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆتۈكىنىڭ چەمىنى ئاتەشداندىكى ئوتقا قاقلىغاچ يېۋگېنىيغا:

— ئاچا، رەھمەت سىزگە، مەن توردا تاماق يەۋال-غان، — دېدى ۋە ئارقىدىن گراندېغا يۈزلىنىپ، — ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئاۋارىچىلىق قىلمىسىڭىز، — دەپ قويدى.

شارل گراندې 22 ياشلاردىكى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرقى چەت شەھەرلەردىكى ئىش كۆرمە-گەن ياۋاش ئادەملەر بىلەن غەلىتە سېلىشتۇرما ئىدى. ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە تەقى - تۇرقى بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. گراندې قولىدىكى ئۇزۇن بىر پارچە خەتنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوقۇش بىلەن بەند ئىدى. ئۇ خەت ئوقۇش ئۈچۈن مېھمانلارنىڭ نېمە دېيىشقانلىقى ۋە نېمىگە قىزىقىۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوقلا، ئۈستەل ئۈستىدىكى بار - يوق بىر تاللا

شامنى ئالدىغا تارتىۋالدى، يېۋگېنىي تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بۇنداق چىرايلىق كىيىنگەن يىگىتنى ۋە بۇنداق كىيىملەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ بىر نەۋرە ئىنىسى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىغا چاچقان ئەتىرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى تويىماي پۇرايتتى ۋە ئېسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆركەم تېرە پەلىيىنى بېرىپ سىلاپ باققۇسى كېلەتتى. شارلنىڭ كىچىك قوللىرى، تېرىسى، كېلىشكەن يۇمران يۈزىگە تويىماي قارايتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بۇ سۆلەتلىك بەگزادىنىڭ يېۋگېنىيغا بەرگەن تەسىراتىنىڭ ئىخچام بايانى دېيىشكە بولاتتى. دۇنيادىن خەۋەرسىز، پايپاق توقۇشنىلا، ئاتىسىنىڭ يىرتىلغان كىيىملىرىنى ياماشنىلا بىلىدىغان، ھاياتىنى تۆت تېمى سىر پۇراپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق ئۆيدە، سۈرۈن كوچىلىرىدا بىر سائەتتە بىر ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان شەھەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر قىزنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىغا ئوخشاش بۇنداق ئادەمنى كۆرگەندە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشى تەبىئىي ئىدى. كرىيۇ-شۇ ۋە دې. گراسسىن ئائىلىسىنى خاتىرجەمسىزلەندۈر-گەن ئەھۋاللارغا يېۋگېنىي كۆنۈپلا قالغانىدى. نانېتتا ئۇنلۇك قىلىپ:

— خانىم، ماڭا چۈشەك بەرسىڭىز، مېھمانغا ئورۇن راسلاي، — دېدى.

گراندې خانىم نانېتا بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، يېۋگېنې سۆيگۈنىڭ غىدىقلاشلىرىدىن يېڭى ئويغانغان قىزلارغا ئوخشاش، بىردىنلا بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەن-دەك بولدى ـ دە، ئانىسى بىلەن نانېتاغا ياردەملىشىش ئۈچۈن مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يا ئانىسىنى، يا نانېتانى ئويلىمىغانىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى نەۋرە ئىنىسىنىڭ ھۇجرىسىنى كۆرۈپ بېقىش ۋە ھەممە نەرسىلەرنى تەل قىلىپ تولۇقلاپ بېرىشتىلا ئىدى. ئۇ نەۋرە ئىنىسىنىڭ نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى بىر مەنلا چۈشىنىمەن دەيدىغاندەك ئويغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ نانېتاغا ئاتەشدانغا ئوت سېلىپ يوتقاننى ئىسسىتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ئۆزى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە بىر داستىخاننى ياپتى ھەمدە نانېتاغا ئۇنى كۈندە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئۇ يەنە ئانىسىنى قايىل قىلىپ، تام مەشكە ناھايىتى كۆپ ئوتۇن قالاتقۇزدى، نانېتانى ئاتىسىدىن يوشۇرۇنچە ئوتۇن تەييارلاپ كارىدورغا قويۇپ قويۇشقا مەجبۇرلىدى، مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەچكەن نەر-سىلەر تۇغۇلغاندىن بېرى كەچكەن نەرسىلەردىنمۇ كۆپ بولدى.

— ئانا، — دېدى ئۇ، — ئىنىم بۇ قارا شامنىڭ يورۇقىغا چىدىيالمايدۇ، ئاق شامدىن سېتىۋېلىپ كەلسەك قانداق دەيسەن؟... ئۇ شۇ سۆزنى تۈگىتىپلا ئۆمۈچۈكتەك يەڭگىل ھەرىكەت بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئايلىق خىراجىتىگە بېرىلگەن پۇلدىن بەش فرانكنى ئېلىپ نانېتاغا تۇتقۇزۇپ:

— ھوي، نانېتا، چاپسان ماڭ! — دېدى.

— ئاتاڭ نېمە دەركىن؟ — دېدى گراندې خانىم قىزىنىڭ بىر قەندەلنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان ھالدا، — ھوي، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ بۇنى داداڭ كۆرىدىغان بولسا بالاغا قالىسەن جۇمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭغا سالىدىغان قەنتنى نەدىن تاپىسەن؟

— ئانا، ئاق شام سېتىۋالغانغا ئوخشاش نانېتا بازاردىن سېتىۋېلىپ كەلمەمدۇ؟

— ئۇنىغۇ شۇنداق قىلارسەن، بىراق ئاتاڭ كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

— جىيەن ئوغلى بىر چىنە قەنت سالغان چايمۇ ئىچەلمىسە قانداق بولغىنى؟ ئاتامنۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمەس.

— ئۇنىڭ كۆزىدىن نېمە قېچىپ قۇتۇلالايتتى، — دېدى گراندې خانىم بېشىنى لىڭشىتىپ.

نانېتا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ خوجايىنىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى.

— بارغىن، نانېتا، بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئەمەسمۇ!

نانېتا كىچىك خوجايىنىنىڭ تۇنجى قېتىم قىلغان چاقچىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى - دە، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

گراندېنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن خەت ئوقۇۋاتقان ھالىتى گۇۋاھچى بىلەن سوت باشلىقىنىڭ كۆزىدىن نېرى ئەمەس ئىدى. ئۇلار گراندېنىڭ شامنىڭ يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىدىكى ھەربىر ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەردىن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. گراندې بولسا ئادەتتىكى تەمكىنلىكىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى، دېمىسىمۇ ئۇ مۇنداق ئېچىنىشلىق خەتنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالغان ھالەتتىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇ خەتنىڭ قانداق مەزمۇندىكى خەت ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى ئاڭچە قىيىن ئەمەس ئىدى:

*«ئاكا، بىزنىڭ دىدار كۆرۈشمىگىنىمىزگە 23 يىل بولدى. بۇ خەت قولۇڭغا تەگكەندە، مەن ئۇ ئالەمگە كېتىمەن. ھازىر مەرتىۋەم تۆپەيلىدىن، ۋەيران بولۇشتەك نومۇسچىلىق ئىچىدە يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ*

ياشاۋېرىشنى خالىمايمەن. ۋاستىنچىم ۋە گۇۋاھچىم رو-گىنىنىڭ سۇنۇشى بىلەن ئاخىردا قالغان ئازراق كاپىتا-لىمدىنمۇ ھېچنېمە قالمىدى. مەن تۆت مىليون فرانك قەرز بولغانىدىم، لېكىن ھازىر بىر مىليون فرانكنىمۇ چىقىرالمايمەن. سەن بۇ يىل ئۆزۈمدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىپ، ھاراقنىڭ سوپىتى ياخشىلىنىپ كەتكەچكە، بېسىپ قويغان ھاراقلىرىمنىڭ باھاسى چۈشۈپ ھېچ-نېمىگە دال بولمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن پۈتۈن پا-رىژلىقلارنىڭ «گراندې ئەسلىدە بىر ئالدامچى ئىكەن!» دېيىشلىرى تۇرغان گەپ. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە نامىمغا داغ تەگكۈزمەي كەلگەنىدىم، ئۆلگەندىن كېيىن باشقى-لارنىڭ ئاھانىتىگە قالىدىغان بولدۇم. مەن ئوغلۇمنىڭ نامىنى بۇلغىدىم ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بىساتىنى ئىشلىتىپ كەتتىم. لېكىن جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرى-دىغان بىچارە ئوغلۇمنىڭ بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق. بىز خوشلاشقاندا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلغۇمىز كەلمەي كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ قېتىمقى مەڭگۈلۈك خوشلىشىشتا ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئەڭ ئاخىرقى مېھ-رىبانلىقىمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمىدى. سەن ھازىر شارلنىڭ ئاتىسى! ئۇنىڭ ئانا تەرەپتىن ھېچقانداق تۇغقىنى يوق. ئەمدى شارل ماكان-سىز قالدى، ئاھ، بىچارە بالام! گراندې شۇنى بىلىپ

قالغىنىكى، مەن بۇ خېتىمنى ئارقىلىق سەندىن ئۆزۈمگە ياردەم سورىماقچى ئەمەسمەن. يەنە كېلىپ، مەن سېنىڭ ھەممە بىساتىڭنىڭ مېنىڭ قەرزىمنىڭ ئۈچ مىليوننى تۆلەشكىمۇ چىقمىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، مەن ئوغلۇم ئۈچۈنلا سەندىن ياردەم سوراۋاتىمەن. گراندې، مەن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئوغلۇمنى ساڭا تاپشۇردۇم. مەن ئۇنى سېنىڭ يېنىڭغا يولغا سېلىشتا، مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق پەيتتە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭنى مەقسەت قىلىمەن. مەن سېنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنى ئەركىن - ئازادە يۈرىدىغان تۇرمۇش ئادىتىدىن بىردىنلا قول ئۈزۈشكە مەجبۇرلىمىغىن، بولمىسا، ئۇ ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋېلىشى مۇمكىن، مەن تىزلىنىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا رازىمەنكى، ئۇ ئانىسىنىڭ تەئەللۇقاتىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ۋاز كەچسۇن ھەم مېنىڭ قەرزدارلىرىم تەرەپتە تۇرۇپ قالمىسۇن. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىم بەلكىم ئورۇنسىزدۇر، چۈنكى ئۇ غورۇرى بار ئادەم بولىدى، ئىشىنىمەنكى، قەرزدارلىرىم تەرەپتە تۇرماسلىقىنى ئۇ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتقىن، ئۇ مۇۋاپىق پەيتتە مىراسلىرىمغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ۋاز كەچسۇن، مەن ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتنى ئۇنىڭغا

تەپسىلىي چۈشەندۈرگىن. ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا بولغان ۋا-
پادارلىقىدا ئۆزگىرىش بولمىسا، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇ-
نىڭغا ئېيتقىن، ئۇنىڭ ئىستىقبالى تۇگەشكىنى يوق.
ئەگەر ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا — چەت دۆ-
لەتكە چىقىپ كەتسۇن، ھىندىستانغا بارسۇن! ئاكا، شارل
قورقماس، ئەس-ھوشى بار بالا. چەت ئەلگە چىقىرىلد-
غان ماللىرىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا سۇ قىلىپ
كېلىشكە بېرىدىغان بولساڭ، ئۇ ئۆلسىمۇ سېنى ئۇ-
نىڭغا بەرگەن دەسمايەڭدىن ئايرىۋەتمەيدۇ، سەن چوقۇم
شۇنداق قىلغىن. بولمىسا، گىرانديې، كەلگۈسىدە ۋىجدان
ئازابى ئىچىدە قالىسەن، ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇم سېنىڭ
ئاتىدارچىلىق قىلىشىڭغا ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭغا ياردەم
قولۇڭنى سۇنمىساڭ، مەن تەڭرىدىن مەڭگۈ سېنىڭ
رەھىمسىزلىكىڭنى جازالاشنى تىلەيمەن، مەن شارل
يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بارلىق قەرزلىرىمنىڭ
تۆلەم جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىپ ئۆزۈمنىڭ تىجارەت
جەھەتتىكى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىمنىڭ بىخەستە-
لىكىم ياكى نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىقىم تۈپەيلى
بولمىغانلىقىنى سەمىمىيەتچىللىك بىلەن ئىسپاتلىد-
ماقچىمەن. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم شارل ئۈچۈن ئە-
مەسمۇ! خەير ئاكا، مەن ئوغلۇم شارلنى ئۆز ھامىيلد-
قىڭغا قىلچە ئىككىلەنمەي، مەردلەرچە ئالىدىغانلىقىڭغا

*شەكسىز ئىشىنىمەن. تەڭرىم دۆلىتىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن. ئۇ دۇنيادا بىر سادا سەن ئۇچۇن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇسى، مەيلى بالدۇر، مەيلى كېيىن بولسۇن، بىز بەربىر ئۇ دۇنيانىڭ ئادىمى، مەن ھازىر شۇ يەردە.*

*— گېلموي گراندې»*

— ئۇخلايدىغان چاغ بولۇپ قالدى، — دېدى گراندې مېھمانلار كېتىپ، ئۆيدە تۆتەيلەنلا قالغاندا، — بۈگۈنچە پاراڭلاشمايلى، ئەتە مۇۋاپىق بىر ۋاقىت تېپىپ پاراڭلىشايلى، بىز ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ناشتا قىلىمىز، چۈشتە ئاددىيلا قىلىپ مېۋە بىلەن بولكا يەيمىز، ئارقىدىن بىر رومكا ئاق ئۈزۈم ھارىقى ئىچىمىز، كەچتە پارىژلىقلارغا ئوخشاش بەشتە تاماققا ئولتۇرىمىز، ھەر كۈنى شۇنداق بولىدۇ. شەھەرنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ئارىلايمەن دېسەڭ خالىغان يېرىڭگە بارساڭ بولىدۇ، ئەمما مەن سەن بىلەن بىرگە بولالمايمەن. چۈنكى ئالدىراشمەن، ۋاقتىم يوق، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سورايمەن. بەلكىم بارغانلا يېرىڭدە مەن توغرۇلۇق، گراندېنىڭ پۇلى جىق دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىشىڭ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ راستىنلا پۇلۇم يوق، قېرىغان چېغىمدا مەددىكاردەك ئىشلەپ يۈرگىنىمنى كۆرگەنسەن، مېنىڭ بار ـ يوق دۇنيايىم ئىككى قولۇم بىلەن بىر سوكال

رەندە. بەلكىم بىر يارماقنىڭ قانچىلىك تەر ئاققۇزغاندا قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇزۇنغا قالماي چۈشىنىپ قالارسەن، ھەي، نانېتا، شامنى ئەكەل!

شارل نانېتانىڭ قولىدىكى يېنىقلىق ئاق شامنى ئالدى، بۇ ئانژودا ئىشلەنگەن شام بولۇپ، دۇكاندا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەچكە سارغىيىپ، چوڭ شامدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. گراندې ئۆز ئۆيىدە ئاق شامنىڭ بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاچقىمۇ، بۇنىڭ ئېسىل نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدىغان ئاق شام ئىكەنلىكىنى بايقىيالماي قالدى.

— مەن ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭاي، — دېدى ئۇ شامنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ بالىخانىغا ئەگىمە ئاستىدىكى چوڭ ئىشىكتىن ئۆتۈپ چىقماي، مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارىدور بىلەن ماڭدى. بالىخانىغا چىققاندىن كېيىن ئۇ قىزىل سىرلانغان كېشەكسىز ئۈچ ئىشىكنى كۆردى، ئىشىكلەر سۇۋىقى چۈشۈپ كەتكەن تامغا مىخلانغان ئىككى تال ياپىلاق تۆمۈرگە ئېلىپ قويۇلغانىدى. ئۇدۇلدىكى ئىشىكنىڭ ئېتىۋېتىلگەن ئىشىك ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ئۇ ئۆيگە گراندېنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆتۈپ ئاندىن كىرگىلى بولاتتى. بۇ ئۆي گراندېنىڭ ئىشخانىسى ئىدى، بۇ ئۆينىڭ بىرلا دېرىزىسى بار بولۇپ، ھويلىغا

قاراپ تۇراتتى. دېرىزە تۇم تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغانىدى، بۇ ئۆيگە گراندې بوۋايدىن باشقا، ھەتتا گراندې خانىمىمۇ كىرەلمەيتتى. بۇ ئۆيدە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەخپىي تۆشۈكلەرنىڭ بارلىقى چوقۇم ئىدى، ئۇ يەرگە يەر خەتلىرى، ئۆي خەتلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى تىقىپ قوياتتى؛ ئالتۇن تارتىدىغان تارازىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى، ئۇ ئەل ئايىغى بېسىققاندا شۇ يەرگە كىرىۋېلىپ تالون ـ ھۆججەتلەرنى رەتلەيتتى، خىلمۇخىل ھېساباتلارنى قىلاتتى. شۇڭا سودىگەرلەر گراندېنىڭ دائىملا تەييارلىق بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى شەيتان ئوڭشىسا كېرەك، دېيىشەتتى. قېرى سوغىچى خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن ئالتۇنلىرىغا تويماي قاراپ، ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېلىپ، ئاندىن سوغىغا سېلىپ، ئاغزىنى پېچەتلەپ قوياتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ مېۋىلىك بېغىنىڭ خەرىتىسىنى تەتقىق قىلىدىكەن، ئۈزۈمدىن چىقىدىغان ھوسۇلنى شۇنداق توغرا ھېسابلايدىكەنكى، ھەتتا بىرەر تال نوتا، بىرەر تال شاختىكى بىرەر شىڭگىل ئۈزۈممۇ ئۇنىڭ ھېساباتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. گراندې بوۋاي جىيەن ئوغلىنى ئۈچىنچى قەۋەتكە، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۈستىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەگەر شارل بىرەر ئىشتىن

كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى گراندىي پەستە تۇرۇپ ئېنىق ئاڭلىيالايتتى.

— بۇ سېنىڭ ھۇجراڭ، ئوغلۇم، — دېدى گراندىي ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىۋېتىپ، — سىرتقا چىقماقچى بولساڭ نانېتانى چاقىرغىن، ئۇ بولمىسا بىزنىڭ بۇ ئىتىمىز سېنى يەپ قويىدۇ. خەيرلىك كەچ، ۋۇي، ۋۇي، بۇ خوتۇنلار سېنى دەپ بۇ ئۆيگە ئوت ياققانىمۇ، نېمە؟

شۇ چاغدا نانېتا ئاتەشداننى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى.

— يەنە تېخى بۇمۇ باركەن، — دېدى گراندىي، — سەن مېنىڭ جىيەنىمنى تۇغۇتلۇق ئايال چاغلاۋاتامسەن؟ نانېتا، ئاتەشداننى ئېلىپ چۇشۇپ كەت.

— يوتقان - كۆرپىلەر نەملىشىپ قاپتۇ، ئەپەندىم! ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئوغلىمىزنىڭ قىز بالىدەك نازۇكلۇقىغا قارىڭا.

— ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن بولساڭ مەيلى، بۇنىڭغىمۇ بوپتۇ دەي، — دېدى گراندىي ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ قويۇپ، — بىراق ئوتقا ھېزى بولۇڭلار.

خەسىس بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە پەلەمپەيدىن چۇشۇپ كەتتى.

شارل چامادانلارنىڭ ئارىسىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، خۇددى جىددىي بىر ئىشقا يولۇققان ئادەمدەك، نانېتادىن:

— ئوبدان ھەدە، بۇ راستتىنلا گراندې ئەپەندىمنىڭ، سومىيۇرادا رايون باشلىقى بولغان ئادەمنىڭ، پارىژدىكى گراندېنىڭ ئاكىسىنىڭ سارىيىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دېمىسىڭىزمۇ شۇنىڭ، ئەپەندىم. ئۇ شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق مۇلايىم، ئۇلۇغ ئادەم دەڭا. نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى رەتلىشىپ بەرسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ماۋۇ ئاچقۇچ بىلەن چامادانىنى ئېچىپ، ئىچىدىن مېنىڭ كېچىلىك كىيىممنى ئېلىپ بېرىڭ.

كالۋۇتۇن بىلەن گۇل چېكىلگەن قەدىمىي پاسوندىكى يىپەك كېچىلىك كىيىمنى كۆرۈپ، نانېتا ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

— سىز مۇشۇ كىيىمنى كىيىپ ئۇخلامسىز؟

— ھەئە!

— ھەي مەريەم ئانامەي! بۇنى چېركاۋنىڭ نەزىر-چىراغ مېھرابى ئۈستىگە ياپسا بولغۇدەك، ئوبدان خوجام، بۇنى چېركاۋغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتسىڭىز ئۇدۇل جەننەتكە كىرىسىز، بۇنى كىيسىڭىز قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتەرسىز؟ مەن بېرىپ خانقىزنى چاقىرىپ كېلەي.

— ھوي نانېتا، داۋراڭ سالمىساڭچۇ، ھازىر مەن

ئۇخلايمەن، نەرسىلىرىمنى ئەتە رەتلىمۇالسامموُ بولىدۇ. بۇ كىچىلىك كىيىمگە كۆزىڭىز چۈشكەن بولسا، ئۇنى سىزگە بېرىپ كۆڭلىڭىزنى ئەمىن تاپتۇراي، مەن بول-سام بىر ئىخلاسمەن خرىستىئانمەن، كېتىدىغان چاغدا بۇنى جەزمەن سىزگە قالدۇرۇپ كېتىمەن، شۇ چاغدا نېمە قىلىسىڭىز قىلارسىز.

نانېتا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئۇ-نىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. يېڭۋېنى ئورنىدىن سەھەر تۇراتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى، ئاندىن يۇ-يۇنۇپ-تارىنىپ پەرداز قىلاتتى. بۇگۇندىن باشلاپ، يۇ-يۇنۇش-تارىنىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەھمىيەتلىك ئىشقا ئايلانغانىدى. ئۇ قوڭۇر چاچلىرىنى سىلىق تاراپ، ئاندىن چىرايلىق تۇگۇۋالدى، ئۇ چېچىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ تارىغانىدى. بۇنداق تاراش ئۇنىڭ چىرايىنى كى-چىك قىزلارنىڭكىگە ئوخشاش ئوماق چىرايغا كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ساددا پەردىزى بىلەن يۈزىدىكى سەبىيلىك بىر-بىرىگە شۇنداق ماسلاشقانىدى. ئۇ سوغۇق سۇ بى-لەن قولىنى بىرقانچە قېتىم يۇدى، ئۇنىڭ قوللىرى ئادەتتە سۇ بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەن بولغاچقا قىزىرىپ كەتكەن، تېرىلىرىمۇ يىرىكلەشكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تو-لۇق كەلگەن بىلەكلىرىگە قاراپ قويۇپ، بىر نەۋرە ئىنىسى-نىڭ قولىنىڭ تېرىسى نېمانچە ئاق، نېمانچە يۇمشاقتۇ،

تىرناقلىرىنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ياسىۋاپتۇ، دەپ ئويـ
لىدى. ئۇ پۇتىغا يېڭى پايپاق، يارىشىملىق يېڭى ئاياغ
كىيدى، كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتى. شۇ تاپتا ئۇ
ئۆمرىگە كېلىپ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ باشقىلارنى
مەپتۇن قىلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. ئۇ هويلىغا، تارـ
غىنا گۈللۈككە ۋە يۇقىرىدىكى بالىخانىغا كۆزلىرىنى
تىكتى؛ ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن يەرلەر سۆرۈن مەنزىرە
ئىچىدە ياتاتتى، شۇنداقتىمۇ پىنهان جايلار بىلەن قاقاس
داللارنىڭ ئۆزىگە خاس چىرايلىق جايلىرى بولغاندەك،
بۇ جايلارنىڭ سۆرۈن مەنزىرىسى ئىچىدە بىر خىل
سىرلىق گۈزەللىكمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ پىكىر تۇيغۇـ
لىرى بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەر بىلەن، ھەتتا ئەڭ ئۇششاق
كۆرۈنۈشلەرگىچە بىرلىشىپ كەتتى. ئۇ تىنچسىزلىدـ
نىشقا ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا
باشلىدى. بىرنەچچە قېتىم ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
خۇددى ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىنى قايتا ـ
قايتا كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىشقا تىرىشقىنىغا
ئوخشاش ئىش قىلدى، «ئۇ مېنى سەتكەن دەپ ياراتمايـ
دۇ» — بۇ يېۋگېنىنىڭ ئۆزىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئازابقا
سالىدىغان ئويى ئىدى، بىچارە قىز ئۆزىنى تولىمۇ تۆـ
ۋەن چاغلايتتى، بىراق كەمتەرلىك، توغرىسىنى ئېيتـ
قاندا، قورقۇش مۇھەببەتنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ئىدى.



تەقى ـ تۇرقى مۇھەببەت ئىلاھى ۋىناسقا ئوخشاپ كەت- سىمۇ، لېكىن خىرىستىئان مۇخلىسلىرىغا خاس مۇلا- يىملىقى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى لاتاپەتلىك، پاك، قەدىمىي ھەيكەلتىراشلارمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل نازۇك تەبىئەتلىك قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بېشى نا- ھايىتى يوغان، ماڭلىيى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كەت- سىمۇ، لېكىن ناھايىتى قاملاشقان بولۇپ، چىشىبىتىنىڭ ھەيكىلىگىلا ئوخشايتتى. تۇرمۇشى تائەت ـ ئىبادەت بى- لەن پاكىزلىق ئىچىدە ئۆتكەچكە، كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان كۆك كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرنى يوغانراق بولسىمۇ، لېكىن قىپقىزىل لەۋلىرى ئۇنىڭغا ماسلاشقاچقىمۇ ئۆزىگە يارىشاتتى. تال ـ تال سىزىقلار بىلەن تولغان لەۋلىرى ئۇنىڭ ھېسسىياتچان، ئاق كۆ- ڭۈل قىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بويىنى تۇر- قىغا تولىمۇ ماس كەلگەچكە يارىشىملىق كۆرۈنەتتى. كۆڭلىكىگە پاتماي تومپىيىپ تۇرغان كۆكسى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. كىيگەن كىيىمى ئاددىي بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا نەپىس گۈزەللىك ئازراق كەمچىل ئىدى. قامەتلىك، ساغلام يېۋگېنىي كىشىلەرنى قاتتىق جەلپ قىلىدىغان گۈزەل- لەردىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى سەنئەتكارلارغا خاس گۈزەللىكنى بىر قاراشتىنلا بايقىغىلى بولاتتى. بەزى

رەسساملار بۇ ئالەمدىن بۇۋى مەريەم ئانىغا ئوخشاش مۇقەددەس، پاك گۈزەللەرنى ئىزدەپ، بارلىق ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ھەم چوڭ تۇتمايدىغان، ھەم كەمسىتمەيدىغان كۆزى، كۆپىنچە تۇغما مەسۇم ـ پاك تەقى ـ تۇرقى بولۇ- شىنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋەھالەنكى بۇنداق خىسلەتلەر پە- قەت ئۇياتچان خرىستىئان مۇخلىسلىرىغا خاس پاك تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ئۆتكەن ئادەملەردىلا بولىدۇ. ئاشۇنداق كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئەندىزىلەرگە ھېرىس بولۇپ كەتكەن رەسساملار يېۋگېنىيىنى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ چىرايىدىن توساتتىنلا يېۋگېنىيىنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان تۇغما ئالىيجانابلىقنى كۆرەلەيدۇ.

يېۋگېنىي پەلەمپەيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيىنىڭ دېرىزى- سىدىن بېشىنى تىقىپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە قۇلاق سالدى. ئۇ تەرەپتىن نانىېتانىڭ كۇندىكىدەك يۆتەلگىنى، ئۇياق- تىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۇرگىنى، ئۆي تازىلاۋاتقانلىقى، ئوت يېقىۋاتقانلىقى، ئىتنى باغلاۋاتقانلىقى، ئېغىلدا ئۇ- لاغلارغا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

— ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى يېۋگېنىي ۋە دەررۇ بالىخانىدىن چۈشۈپ، كالا سېغىۋاتقان نانىېتانىڭ قېشىغا كەلدى.

— نانىېتا، جېنىم نانىېتا، ئىنىمگە ئازراق پىشلاق پىشۇرۇپ قەھۋە بىلەن بەرسەڭچۇ.

— ئاپئاق قىز، ئۇنى دېگەن كۆن ئاتلىتىپ پىشۇ-رىمىز ئەمەسمۇ، — دېدى نانېتا قاقاقلاپ كۈلۈپ كې-تىپ، — ھەي، نېمىسىنى ئېيتاي، سىزنىڭ ئۇ ئىنىڭىز چىرايلىق، قالتىس چىرايلىق يىگىت ئىكەن. سىز تې-خى ئۇنىڭ كالۋۇتۇن بىلەن گۈل چېكىلگەن كېچىلىك كىيىمىنى كىيگەن چاغدىكى ھالىتىنى كۆرمىدىڭىز، مەن كۆردۈم، ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ پاكىزلىقى بىز-نىڭ پوپنىڭ ئىبادەتكە كىيىپ چىقىدىغان ئاق تونىغا ئوخشاش پاكىز ئىكەن.

— نانېتا، ئەمىسە ئازراق قاتلىما سالايلى.

— ئۇنى پىشۇرۇشقا كېتىدىغان ئوتۇننى نەدىن تا-پىمەن؟ ئۇن بىلەن سېرىقمايىنىچۇ؟ نانېتا گراندې ئەپەن-دىنىڭ غوجىدارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن سۆزلەيت-تى، — ئىنىڭىزنى دەپ بېگىمنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغ-رىلىساق بولماس دەيمەن، ئۆزىڭىز بېرىپ ئۇنىڭدىن سوت، ئۇن، ئوتۇنلارنى سورىسىڭىز بولمامدۇ، قىزى بولغاندىكىن سىزگە بېرەر دەيمەن. ئەنە، ئاتىڭىز ناش-تىلىققا كېتىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بەرگىلى چۈشۈۋاتىدۇ....

يېۋگېنىي پەلەمپەينىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭ-لاپ، قورقىنىدىن غىپلا قىلىپ باغقا كىرىپ كەتتى. بىچارە قىز ھېچنېمىسىنىڭ تايىنى يوق، مۇز يېغىپ

تۇرىدىغان بۇ ئۆيدە بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئېسىل ـ لا ـ تاپەتلىكلىكىگە تەڭ كەلگۈدەك ھېچنېمىنىڭ يوقلۇقىـ ـنى ئاخىر ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا نەۋرە ئىنىسى ئۈچۈن بىرەرنەرسە قىلىش ئىستىكى ئويغىنىۋاتاتتى. ئۇ قاتلىما پىشۇرۇشنىڭ ئامالى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا، نانىتا بىلەن گراندېنىڭ گەپ تالىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلار ئارىسىدا بۇنداق گەپ تالىشىش كەمدىن كەم ئۇچـ ـرايتتى. بوۋاي ئامبارنىڭ ئاچقۇچىنى قولىدا تۇتقان بوـ لۇپ، شۇ بىر كۈنلۈك ئوزۇقنى چاغلاپ بەرمەكچى بوـ لۇۋاتاتتى. گراندې بولكا سالىدىغان تېگى تۈز سېۋەتتىن يوغان بىر پارچە ئۇن يۇقى بولكىنى ئېلىپ توغراي دەۋاتقاندا:

— بۈگۈن بىز بەش ئادەم، تەقسىر، — دېدى نانىتا.

— شۇنداق، — دېدى گراندې ئۇنىڭغا جاۋاب بېـ ـرىپ، — بۇ بولكا ئالتە قاداقتىن جىق كېلىدۇ، تېخى بۇنىڭدىن ئېشىپمۇ قالار، بۇ پارىژلىقلار بولكا يېمەيدىـ ـغان خەق، بىردەمدىن كېيىن كۆرىمەنىنا گېپىمگە ئىشىنىپ قاـ لىسەن.

گراندې ناھايىتى چىڭلىق بىلەن شۇ كۈندىكى يېمەكلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، يېمەكلىك سېلىنغان ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، مېۋە ئامبىـ ـرىغا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، نانىتا ئۇنىڭ ئالدىنى توـ

سوۋالدى:

— تەقسىر، ماڭا ئازراق ئۇن بىلەن سىرىقماي ئې-لىپ بەرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن، بالىلارغا قاتلىما سېلىپ بېرەي دېۋىدىم.

— سەن جېيەنىمنى دەپ مېنى ۋەيران قىلماقچىمۇ؟

— جېيەنىڭىز ئۈچۈن ئىتىڭىزغا جوۋىغانچىلىكمۇ جوۋاپ كەتكىنىم يوق، سىزچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ كەت-كەن بولۇشۇممۇ ھەم ناتايىن.... قاراڭ، سىز ماڭا ئالتە چاقماق قەنت بەردىڭىز، ماڭا لازىمى سەككىز چاقماق ئىدى.

— ۋاي - ۋۇي، نانىتا، ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان قىلىقنى قىلىۋاتىسەنغۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن خوجايىنىمۇ - يا؟ مۇشۇ ئالتىسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئۇنداقتا، جېيەنىڭىز ئىچىدىغان قەھۋەگە نېمە سالىمىز؟

— ئىككى تال سالساڭلا بولدى، بەرىبىر مەن ئۆ-زۈمنىڭكىگە قەنت سالمايمەن.

— سىز مۇشۇ يېشىڭىزدا قەنت يېمىسىڭىز بو-لامدۇ؟ پەقەت بولمىسا، ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا سېتىۋېلىپ كېلەي.

— بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن!

ئۇ چاغلاردا قەنت ئەرزان نەرسە بولسىمۇ، قىبرى سوغىچىنىڭ نەزەرىدە ئۇ يەنىلا كاتتا يېمەكلىك ھې-سابلىناتتى. چۈنكى، بىر قاداق قەنت ئالتە فرانكتە. ئىمپېرىيە دەۋرىدە كىشىلەر قەنتنى تېجەپ ئىشلىتىش-كە مەجبۇر بولغان، قەنتنى ئاياپ ئىشلىتىش گراندېغا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزگەرمەس ئادەت بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەرقانداق ئايال كىشى، مەيلى ئۇ ئەڭ نادان ئاياللاردىن بولغان تەقدىردىمۇ ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ، نانېتا ئەمدى قەنتنىڭ گېپىنى قويۇپ، قاتلىمىغا ئۆتتى.

— ماقۇل، نانېتا، — دېدى گراندې، — ئالغىن!

ئۇ ئۇن ساندۇقىنى ئېچىپ، نانېتاغا ئازراق ئۇن ئېلىپ بەردى، كېسىپ تەييار قىلىپ قويغان سېرىق-مايغا يەنە بىرنەچچە سەر قوشۇپ قويدى.

— دوخۇپكا قىزىتىدىغانغا ئوتۇنمۇ كېرەك، — نا-نېتا بوش كەلمەيۋاتاتتى.

— قانچىلىك ئىشلەتسەڭ شۇنچىلىك ئالغىن، — دې-دى چارىسىز قالغان گراندې، — بىراق بىزگە قايماق بىلەن مېۋىدىن پوشكال سېلىپ بېرىسەن، كەچتە يەي-دىغاننىمۇ بىراقلا دوخۇپكىدا پىشۇرىسەن، ئوچاققا ئىك-كى قېتىم ئوت ياقساڭ بولمايدۇ.

— خوپ! ئۇنىڭدا گەپ يوق.

گراندىي ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتكارىغا مېھرىبان ئاتىلارغا ئاز ـ پاز ئوخشاپ قالىدىغان نەزەر بىلەن قاراپ قويدى.

ــ ئەپەندىم، ــ دېدى نانېتا خوجايىن مېۋە ـ چېۋە قويىدىغان ئامبارنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ بولغاندىن كېيىن، ــ سىز ھەپتىدە ئىككى قېتىم بولسىمۇ قازان شورپىسى بىلەن جىيەنىڭىزنى...

ــ بولىدىغان گەپ.

ــ ئەمىسە مەن گۆش ئەكېلەي.

ــ ئۇنىڭغا ئالدىرىما. ئاۋۋال سەن ئوۋ گۆشلىرىدىن بىر شورپا قىلىپ تۇرساڭمۇ بولىدۇ، كورنايغا ئېيتاي، ئۇ قاغىدىن بىرنەچچىنى ئېتىپ بەرسۇن، قاغا شورپىسى بەلەن بولىدۇ.

ــ ئادەم قاغا يېسە ئۆلىدۇ دەيدۇ، بۇ راستمۇ، ئە-پەندىم؟

ــ تازىمۇ دۆت نېمىكەنسەن، نانېتا، ئۇلارمۇ ئادەمگە ئوخشاش نېمىنى تاپسا شۇنى يەيدىغۇ. سەن مىراس دې-گەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

بېرىدىغان تاپشۇرۇقلار تۈگىگەندىن كېيىن گراندىي قويۇن سائىتىنى ئېلىپ قارىدى ۋە ناشتىغا يېرىم سا-ئەت بارلىقىنى كۆرۈپ، شلەپىسىنى كىيدى ـ دە، قى-زىنى قۇچاقلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا:

— خالىسالىڭ دەريا بويىغا بېرىپ كەلسەك ـ قانداق؟ مېنىڭ ئۇ يەردە ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

— مۇنچە ئەتىگەندە نەگە ماڭىدىڭلار؟ — يولدا ئۇچراپ قالغان گوۋاھچى كريۇشو گراندېدىن سورىدى.

— ئازراق ئىشىم بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي، ئۇمۇ ئۆز دوستىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن مۇنچە ئەتىگەن چىققانلىقىنى بىلەتتى.

گراندې بوۋاينىڭ ئىشىم بار دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، گوۋاھچى ئىلگىرىكى تەجرىبىلىرىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسا ئۆزىگە ئازراق بولسىمۇ نەپ يۇقىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

— مېنىڭ بىلەن بىللە بېرىڭ، كريۇشو، — دېدى گراندې، — سىز مېنىڭ دوستۇم، مەن سىزگە مۇنبەت يەرگە تېرەك تىكىشنىڭ قانچىلىك ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ......

— بۇ گەپچە، لوئار دەرياسى بويىدىكى ئوتلاقتىكى تېرەكلەرنى سېتىپ تاپقان 60 مىڭ فرانك سىز ئۈچۈن ھېچقانداق پۇل ئەمەس ئىكەن ـ دە؟ — دەپ سورىدى كريۇشو كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ، — سىز تېخىچە رازى بولمايۋاتامسىز؟ تېرەكلىرىڭىزنى كېسىپ تۇرۇشىڭىزغا، نانت شەھىرىگە تېرەك ياغىچى جىددىي كېرەك بولۇپ قېلىپ، ھەر تۈپىنى 30 فرانكتىن

ساتتىڭىزغۇ!

گىراندېلار لوئار دەرياسى بويىدىكى ئاجايىپ كۆركەم يايلاققا يېتىپ كېلىشتى، ئۇ يەردە 30 نەچچە ئىشچى كولاپ چىقىرىۋېتىلگەن كۆتەكلەرنىڭ ئورنىنى تىندۇ-رۇپ تۈزلەۋاتاتتى.

— كرىيۇشۇ ئەپەندى، سىز ئەمدى بىر تۈپ تېرەك-نىڭ قانچىلىك يەرنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بې-قىڭ، — ئۇ ئىشچىلاردىن بىرنى چاقىردى، — جون، مې-ترنى ئەكېلىپ تۆت... تۆت... ئەتراپىنى ئۆ... ئۆلچەپ... باققىنا.

— ھەر تەرىپى بەش گەز ئىكەن، — دېدى جون ئۆلچەپ بولۇپ.

— دېمەك، بىر تۈپ تېرەك 20 گەز يەرنى نابۇت قىلغان، — دېدى گىراندې كرىيۇشۇغا، — ئىلگىرى مۇشۇ قاتارغا 300 تۈپ تېرەك تىككەنىدىم، شۇنداقمۇ؟ توغرا، 300 نى 20... گەزگە... كۆپەيگەندە... بەش... 500 باغلام چۆپ؛ ئىككى تەرىپىدىكىنى قوشقاندا 1500 باغلام چۆپ؛ ئوتتۇرىدىكى بىرنەچچە قاتارمۇ 1500 باغلام. ھەممىنى 1000 باغلام چۆپ دەپ تۇرايلى.

— 1000 باغلام ئاشۇنداق چۆپ، — دېدى كرىيۇ-شۇ، — تەخمىنەن 600 فرانكقا يارايدۇ.

— ھازىرچە 1200 فرانك دەپ ھېسابلاپ تۇرۇڭە،

چۈنكى ئىككىنچى قېتىم ئۆسكەن چۆپ يەنە ئۈچ ـ تۆت يۈز فرانكقا يارايدۇ. ئەمدى سىز ھېسابلاپ بېقىڭ، بىر يىلدا 1000... 1000... 200 فرانك بولسا، 40 يىلدا... قا... قاقاقا.... قانچىلىك بو...بولىدۇ. ئۇنىڭغا سىز... بىلىدىغان... يىللىق... ئۆسۈمنىمۇ قېتىڭ.

— ھەممىنى قوشقاندا 60 مىڭ فرانك بولار، — دې- دى گۇۋاھچى.

— ھەببەللى! ئا ... 60 مىڭ فرانك، شۇنداقمۇ؟ — بوۋاي ئەمدىكى گېپىنى كېكەچلىمەي سۆزلىدى:

— بىراق 40 يىللىق 2000 تۈپ تېرەك 50 مىڭ فرانكقا يارىمىسا، مانا بۇ زىيان بولماي نېمە؟

گراندې بۇ سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى تولىمۇ بىلەر- مەن چاغلاپ كەتتى.

— جون، دەريا بويىدىكى بىر قاتار ئورەكنى قالدۇ- رۇپ، قالغانلىرىنى تىندۇرۇۋېتىڭلار، ئۇ يەرگە مەن سېتىۋالغان تېرەكلەرنى تىكىمىز. تېرەكنى دەريا بويىغا تىكسەك ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى بىلەن ئۆسىدۇ.

گراندې بۇ گەپنى قىلغاندا، بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى توپۇق خۇددى بىرنىڭ زىتىغا تېگىپ سوغۇق كۈلگەنگە ئوخشاش بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

— توغرا دېدىڭىز، تېرەكنى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان يەرگە تىكىش كېرەك، — دېدى كرىيۇشو. ئۇ شۇنداق

دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە گراندېنىڭ سوققان چوتىدىن چۆچۈپ كەتتى.

يېڭىگېنى لوئار دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى چىرايلىق مەنزىرىلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاتىسىنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىغانىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي كرىيۇشۇنىڭ ئاتىسىغا قىلغان مۇنۇ سۆزى ئۇنىڭ دىق-قىتىنى تارتتى:

— پارىژدىن كۇيئوغۇل چاقىرىپ كەپسىزمۇ-نېمە، ھازىر پۈتۈن سومىيۇرادا شۇ پاراڭ. بىزنى پات ئارىدا توي توختامى تۈزۈشكە چاقىرىدىغان ئوخشايسىز، شۇنداقمۇ؟

— سىز... سىز... سىزنىڭ بۇ... بۇنچە سەھەر چىقىشىڭىز مۇشۇ گەپنى ماڭا يەتكۈزۈش ئۈچۈنمە-دى؟ — شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، گراندېنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى توپۇق مىدىرلاپ كەتتى، — ئۇنداقتا دو... دوستۇم، مەن سىزدىن يوشۇرمايمەن، سىز... سىز بىلىشكە قىزىققان نە... نەرسىنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي. مەن قى... قى... قىزىمنى لوئار دەرياسىغا تاشلىۋېتىشكە رازىكى، بىر نە... بىر نەۋرە ئىنىسىغا بەر... بەرمەيمەن. مېنىڭ بۇ... بۇ سۆزۈمنى ھەر قاز-داق ئا... ئا... ئادەمگە ئېيتىسىڭىز بولىدۇ، بولمىسا بولدىلا! ئۇ... ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆ... جۆ...جۆي-لىۋەرسۇن.

بۇنى ئاڭلاپ يېۋگېنىيىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاش
تى. ئەمدىلەتىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىخ ئۇرۇپ، يېتىل
ۋاتقان يىراقتىكى ئۈمىد كۆپۈكتەك توزۇپ كېتىن
ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ كۇلپەتنىڭ يۇكسەكلىكى بىلە
ئۇلۇغۋارلىقىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى، مال ـ دۇنيا د
گەنگە ئۇ كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى، مانا
قىزلارنىڭ ئالىيجاناب تەقدىرى بولماي نېمە؟ ئۆيگ
قايتقۇچە ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىترەپ ئاران ماڭدى. ئۇ
ئۆيىگە بىرنەچچە قەدەم قالغاندا، يېۋگېنى ئىتتىك ئا
دىغا ئۆتۈپ دەرۋازىنى ئۇردى ۋە دەرۋازا ئېچىلغۇچە ئ
تىسىنى كۈتۈپ تۇردى. بىراق گراندې گۇۋاھچىسىنىما
قولىدىكى تېخى قاتلىقى بۇزۇلمىغان گېزىتنى كۆرۈپ
ئۇنىڭدىن سورىدى:

— زايومنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— سىز مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەيسىز، گرا
دې، — دېدى كرىيۇشو ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — سۆزۈم
كىرسىڭىز تېززەك ھېسابلاپ كۆرۈڭ، ئىككى يىلنى
ئىچىدە ئىككى ھەسسە كۆپ پايدا ئالىسىز، ئۇنىڭ ئۈم
تىگە ئۆسۈممۇ يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ، 80 مىڭ فرانكقا به
مىڭ فرانك ئۆسۈم كېلىدۇ. بازار باھاسى 70 فرانك.

— قېنى، بىر گەپ بولار، — دېدى گراندې ئېڭ
كىنى سىلاپ تۇرۇپ.

، گۇۋاھچى گېزىتنى ئېچىپ بىردىنلا «ياﺋاللا» دەپ
ۋلاپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ گراندې ئۇنىڭدىن سوراپ بولغۇچە
يۇشۇ گېزىتنى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېقىڭ: «پارىژدىكى ھۆرمەتكە
راۋەر كاتتا سودىگەر گراندې ئەپەندى تۇنۇگۈن سودا
رىغا بارغانىدى، ئۇ يەردىن ئۆيگە قايتىپ كەتكەندىن
يىن تاپانچا بىلەن مېڭىسىگە ئېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈ-
ۋالدى....»

— بۇنىڭدىن مېنىڭ بۇرۇنلا خەۋىرىم بار — دېدى
اندې بوۋاي گۇۋاھچىغا.

كرىيۇشۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شۈركۈنۈپ كەتتى. گەرچە
ۋاھچىلار ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى تەمكىن تۇتالاي-
مان بولسىمۇ، لېكىن پارىژدىكى گراندې سومىيۇرادىكى
اندېدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا يېلىنغان بولسا،
بەلكىم ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولۇشىمۇ
مكىن، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندە، كرىيۇشۇنىڭ
ۇدى تىترەپ، پېشانىسىنى تەر باستى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يېۋگېنىي يۈگۈرۈپ كې-
پ ئانىسىنى قۇچاقلىدى. ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق ھاياجان
ئىكىدە قالغانىدى، بۇنداق ھاياجان ئادەم تېشىغا چىقە-
مايدىغان دەردكە قالغان چاغدىكىگە ئوخشاش ھاياجان

ئىدى.

— سىلەر تاماقتا ئولتۇرۇۋېرىڭلار، — دېدى نانېتا پەلەمپەيدىن ئىتتىك چۈشۈۋېتىپ، — ئۇ خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئۇخلاۋاتىدۇ، مەن ئۇنى چاقىرسام پەقەتلا ئويـ. غانمىدى.

— بوپتۇ، ئۇخلىسۇن، — دېدى گراندېي، — بۈگۈن ئۇ مەيلى قانچىلىك ۋاقىچە قوپسۇن، بەربىر ئۆزىگە تېـ. گىشلىك شۇم خەۋەرنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرىدۇ.

— نېمە ئىش بولدى؟ — يېۋگېنىي نەچچە گرام كېلىدىغانلىقى نامەلۇم بولغان ئىككى تال چاقماق قەنتنى قەھۋەگە سېلىۋېتىپ ئاتىسىدىن سورىدى. گراندـ دى بۇ قەنتلەرنى قولى بوش قالغان چاغلاردا پارچىلاپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. گراندېي خانىم بىر ئىغىز گەپ سوراشقا پېتىنالماي ئېرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى.

— ئۇنىڭ ئاتىسى تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ.

— تاغاممۇ؟

— بولغۇلۇق مۇشۇ بىچارە بالىغىلا بوپتۇ ـ دە! — دېدى گراندېي خانىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

— شۇنداق، بىچارە، — دېدى گراندېي ئۇنىڭ سۆ. زىگە ئۇلاپ، — ئۇنىڭ ئەمدى بىر تىيىنىمۇ يوق.

يېۋگېنىينىڭ كۆڭلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى، ئۇ

تاغىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىغا ئازابلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

— خانىم، سىزدىن ئۆمىدىم، — دېدى بوۋاي، — مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە بىر ئېغىز تىنماڭ، مەن بېرىپ ئوتلاقنىڭ چوڭ يول تەرىپىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ كېلەي، چۈشتە تاماقتا كەلگەندە ئۇ بالا بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، ساڭا كەلسەك، قىزىم، مۇشۇ بەگزادە ئۇ-چۇن يىغلاۋاتقان بولساڭ بولدى، مۇشۇ يىغاڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ بۇگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە ھىندىستانغا ما-ڭىدۇ. ئۇنى يەنە كۆرەرمەنمىكىن دەپ خىيال قىلما.

گراندې بىلەن شارل جىمجىت كېتىۋاتاتتى. شارلغا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈش گراندى ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن شارلدا ھازىر بىر تىيىننىڭ يوقلۇقى گراندېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېس-داشلىقىنى قوزغاپ تۇراتتى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا قانداق سۆزلەر بىلەن يەتكۈزگەندە بەكمۇ ئېغىر كېلىپ كەتمەس، دېگەننى گراندې ئويلايتتى. «ئاتاڭ ئۆلدى» دې-گەن سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرىش ھېچقانچە ئىش ئە-مەس، چۈنكى ئاتا دېگەن بالىدىن ئىلگىرى ئۆلىدۇ، ئەل-ۋەتتە. بىراق «ساڭا ئاتاڭدىن يىپ چاغلىق تەئەللۇقاتمۇ قالمىدى» دېگەن سۆز دۇنيادىكى بارلىق دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ

ئۇنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇۋاي شېغىل ياتقۇزۇلغان كۆتۈرمە يولدا تاشلارنى شاراقلىتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچ قېتىم مېڭىپ بولدى.

— مۇنداق گەپ، ئوغلۇم، — دېدى گراندې سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مېنىڭ ساڭا يەتكۈزمەكچى بولغىنىم شۇم خەۋەر، ئاتاڭنىڭ ئەھۋالى هازىر ناھايىتى يامان ـ كەن....

— ئۇنداق بولسا مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟ نانېتا، پەيتۇن پونكىتىغا بېرىپ پەيتۇن تېپىپ كېلىڭە! بۇ يەردىن بىرەر پەيتۇنغۇ تاپقىلى بولار، — دېدى ئۇ چوڭ ئاتىسىغا قاراپ. بىراق چوڭ ئاتىسى تۇرغان يېرىدە قىمىر قىلماي تۇراتتى.

— پەيتۇن، ئات دېگەنلەرنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆت ـ تى، — دېدى گراندې شارلغا قاراپ، يىگىتنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، چەكچىيىپ قاراپلا قالدى.

— بىچارە بالام، يۈرىكىڭ تۇيۇۋاتىدىغۇ دەيمەن، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ھەممىدىن ئېغىرى شۇكى، ئۇ ئۆزىنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋاپتۇ....

— مېنىڭ ئاتاما؟...

— شۇنداق، لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، يەنە گېزىتتە ئۇنىڭغا ئىسىم ـ شەرىپىنى ئاتاپ تۇرۇپ تۆھمەت قىلغان، مانا ئوقۇپ باق.

گراندىي كرىۋشۇدىن ئېلىنىۋالغان گېزىتتىكى كە-شىنى چۆچۈتىدىغان ھېلىقى شۇم خەۋەرنى شارلىغا كۆرسەتتى. بىچارە يىگىت ئۆز بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە پاتقۇزالماي يىغلاپ كەتتى....

— قالغان سۆزنى دەسلەپكى بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن قىلىشارمىز، — دېدى گراندىي ۋە مېھمانخانىغا قايتىپ كىردى، بۇ چاغدا يېۋگېنىي بىلەن ئانىسى ئىتتىك ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇ-رۇپ، كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىۋاتاتتى.

— ئۆلگەن ئادەمنى پۇلدىن ئەزىز كۆرىۋاتقىنىغا قارىغاندا، بۇ بالىدا ئۈمىد يوقتەك قىلىدۇ.

يېۋگېنىي ئاتىسىنىڭ ئاشۇنداق ئەڭ مۇقەددەس ئا-زاب-ئوقۇبەتكە قارىتا قىلىۋاتقان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

— بىچارە بالا! — دېدى گراندىي خانىم.

ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتىلغان بۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن بالا تاشتى، گراندىي بىر ئايالىغا، بىر يېۋگېنىيغا، بىر قەنت بار تەخسىگە قاراپ، شۇم پېشانە جىيەنى ئۈچۈن مول راسلانغان ناشتىلىق غىزانى ئېسىگە ئالدى-دە، مېھمانخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان پېتى ئا-دەتتىكى تەمكىنلىكى بىلەن شۇنداق دېدى:

— خانىم، سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن پۇلنى قالايـ-مىقان خەجلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ پۇلۇم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئېپلاسلارنى قەنت بىلەن باقىـ-دىغانغا ئىشلىتىدىغان پۇل ئەمەس.

— ئاپامنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، — دېدى يېۋگېنى، — مەن...

— سەن چوڭ بولۇۋېلىپلا ماڭا يانماقچىمۇ؟ — گراندـ-دې قىزىنىڭ سۆزىنى قاق بېلىدىن ئۈزۈۋەتتى، — يېۋـ-گېنى، شۇنى ئويلىشىڭ كېرەككى...

— ئاتا، ئىنىڭىزنىڭ ئوغلى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرسا ...

— ما، ما، ما،ما...يەنە شۇ ئىنىڭنىڭ ئوغلىيەي، جىيەنىڭيەي، دېگەن سۆزمۇ! شارلىنىڭ سىلەر بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇنىڭدا ھازىر بىر تىيىنمۇ، ھەتتا يېرىم تىيىنمۇ يوق، ئۇنىڭ ئاتىسى ۋەيران بولغان، بۇ بايۋەچچە بۇگۈن قانغۇچە يىغلىۋالسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ كۆتىگە تېپىمەن، مەن ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۆينى بۇنداق مالىماتاڭ قىلىشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايمەن.

— ئاتا، ۋەيران بولغان دېگەن نېمە دېگەن سۆز؟

— ۋەيران بولۇش، ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىش، ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى شۇ، — دېدى ئاتىسى ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب

بېرىپ، — ۋەيران بولۇشنىڭ ئۆزى قاراقچىلىق، بىراق ئۇ قانۇن قوغدايدىغان قاراقچىلىق، كىشىلەر گېلىموي گراندېغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ پاك نامىغا ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ يەيدىغان - ئىچىدىغىنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ، ئۇ بولسا ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋېتىپ، ئۇلارغا ياش تۆكۈش ئۈچۈن ئىككى كۆزىنىلا قالدۇرىدۇ. ۋەيران بولغان ئادەم يول توسىدىغان قاراقچىلاردىنمۇ يامان بولىدۇ، قاراقچى ساڭا ھۇجۇم قىلسا، سەن ئۆزۈڭنى مۇداپىئە قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما ۋەيران بولغان ئادەم... قىسقىسى شارلىنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ بولدى.

بۇ سۆزلەردىن بىچارە قىزنىڭ يۈرىكى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك مۇجۇلدى. ئۇ ئورمانلىقتا يېڭى ئېچىلغان گۈلدەك يۇمران، مەسۇم ئىدى، جەمئىيەتتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى، راست بىلەن يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن سەپسەتىلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، كاززاپلىق - نەيرەڭۋازلىق دېگەنلەرنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئاتىسىنىڭ قەستەن - پىلانلىق ۋەيران بولۇش بىلەن ئىلاجسىز ۋەيران بولغانلىقىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتماي، ئۇنى غەرەزلىك ھالدا نومۇسسىزلىق دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىنىڭ تېگىدە نېمە ئويۇن بارلىقىنى بىلمەيلا، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە راست ئوخشايدۇ، دەپ پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتتى.

— ئۇنداقتا ئاتا، سىزنىڭ ئۇ پالاكەتچىلىكنى تو-سۇشقا ئامالىڭىز يوقمىدى؟

— ئىنىم بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن بىلەن مەسلى-ھەتلەشمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ تارتقان زىيىنى تۆت مىليون فرانك ئىكەن.

— مىليون دېگەن قانداق گەپ، ئاتا؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئۇنىڭ گۆدەكلىكى نېمە لازىم دېسەم، شۇ نەرسە ئالدىمغا ھازىر بولسا، دەپ ئويلايدىغان باللارنىڭ گۆ-دەكلىكىگە ئوخشايتتى.

— مىليونمۇ؟ — دېدى گراندې، — 20 يارماقلىق تەڭگىدىن بەشى بەش فرانك بولغانغا ئوخشاش، 20 يار-ماقلىق پۇلدىن مىليونى مىليون فرانك بولىدۇ.

— ۋاي تەڭرىم! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى يېۋگې-نې، — ئۇنداق بولسا تاغامنىڭ قانداقمۇ تۆت مىليونى بولسۇن؟ فرانسىيىدە يەنە مۇشۇنداق نەچچە مىليونى بار ئادەممۇ بارمىدۇ؟ گراندې ئېگىكىنى سىلاپ تۇرۇپ بى-لىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى توپۇقى يوغىناۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەمدى ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

— ھىندىستانغا بارىدۇ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بو-يىچە شۇ يەرگە بېرىپ بىر ئامال قىلىپ باي بولۇشى كېرەك.

— ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇدەك پۇلى بولمىسا؟

— يول كىراسىنى مەن بېرىمەن... تاكى... توغرا، تاكى نانتقا بارغۇچە يەتكۇدەك پۇل بېرىمەن.

يېۋگېنى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ بوينىغا ئې-سىلدى.

— جېنىم ئاتا، سىز نېمىدېگەن ئوبدان - هە!

ئۇنىڭ دادىسىنى قۇچاقلىۋېلىشى گراندېنى خى-جىللىقتىن ئازراق ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋىجدانى سەل خىجىل بولغاندەك قىلاتتى.

— ئانا، بىز ئۇنىڭ ئىشىغا ئوڭۇشلۇق تىلەپ پوپقا دۇئا قىلدۇرۇپ تۇرايلى، بولامدۇ؟

— بۇنى مەنمۇ ئويلىغان، — دەپ جاۋاب بەردى ئا-نىسى ئۇنىڭغا.

— يەنە شۇ پۇل خەجلەشنىڭ كېپىمۇ؟ — دېدى گراندې تېرىكىپ، — سىلەر بىزنىڭ ئۆيدە خەجلەپ تۈ-گىتەلمىگۇدەك نەچچە يۈز مىڭ، نەچچە مىليون بار دەپ ئويلامسىلەر؟

ئۇشتۇمتۇت، بالىخانىدىن تولىمۇ ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، يېۋگېنى بىلەن ئانىسى چۆچۈپ كەت-تى.

— نانېتا، چىقىپ قاراپ باققىن، شارل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىسۇن يەنە، — دېدى گراندې. ئۇنىڭ بۇ

سۆزىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.

— سىلەر ئىككىڭلار خىيالىڭلارچە ئىش قىلىپ ئولتۇرماڭلار، — دېدى گراندې ئۇلارغا قاراپ، — مەن گوللاندىيىلىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن، ئۇلار بۈگۈن قايتماقچى، ئۇ يەردىن قايتىپ كىرىۋشۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىمەن.

گراندې بوۋاي ئۆيگە ناھايىتى خۇشال كىرىپ كەلدى. كىرىپلا پەلىيىنى سېلىۋېتىپ، ئالقىنىنى بىر ـ بىرىگە قاتتىق سۈركەشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭ تېرىلىرى رۇسىيىنىڭ ئەيلىگەن تېرىلىرىگە ئوخشاش پۇختا بولغىنى، بولمىسا گەپ بار ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، توختىماي سائەتكە قارايتتى. ئاخىر ئۇ ئىچىدىكى مەخپىيەتلىكنى قىلچە كېكەچلىمەستىن راۋۇرۇس سۆزلەپ ئاشكارىلاشقا باشلىدى:

— ساڭا ئېيتاي خانىم، ئۇلار مېنىڭ تۇزىقىمغا چۈشتى. ھاراقلىرىمىز سېتىلىپ كەتتى. گوللاندىيىلىكلەر بىلەن بېلگىيىلىكلەر بۈگۈن ئەتىگەن كېتىشمەكچى. مەن مەيداندا ئىشىم يوق ئادەمدەكلا يۈردۈم، ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا زېرىكىپ ئىچى

پۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك يۈردۈم، سەن تونۇيدىغان ھېلىقى ئەبلەخ مېنى ئىزدەپ كەلدى. ياخشى ئۈزۈملىرى بار كىشىلەر مېلىنى سېتىشقا ئۇنىماي تۇرۇۋاپتى، ئەلۋەتتە، مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسمايمەندە. بۇنىڭ بىلەن بېلگىيىلىكەر ئالدىراپ قېلىشتى. مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئاخىر بىر كۈپ ھاراقنى 200 فرانكنىڭ نەرخىدە سېتىپ، يېرىمىغا نەق پۇل بېرىدىغانغا كېلىشتۇق. بېرىدىغان پۇلنىڭ ھەممىسى ئالتۇن دېسەڭچۇ. توختامىمۇ تۈزۈلۈپ بولدى. مانا ماۋۇ ئالتە ناپولېئوننى شېرىنكانە سۆپىتىدە ساڭا بېرەي، يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن ھاراقنىڭ باھاسى جەزمەن چۈشىدۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى تولىمۇ تەمكىن تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن قويۇق زەھەرخەندىلىك تۇسىنى ئالغانىدى. شۇ تاپتا سومىيۇرالىقلار مەيدانغا يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار گراندېي ھارىقىنى سېتىۋەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغانىدى. ئەگەر ئۇلار گراندېنىڭ ھازىرقى سۆزىنى ئاڭلىغان بولسا، چوقۇم غەزەپتىن تىترەپ كېتىشكەن بولاتتى. ئۇلاردىكى ساراسىمە تۈپەيلىدىن ھاراق باھاسىنىڭ يېرىم باھا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى يوق ئەمەس ئىدى.

— بۇ يىل سىزنىڭ 1000 كۈپ ھارىقىڭىز بارمۇ، ئاتا؟ — دەپ سورىدى يېۋگېنىي.

— شۈنداق، قوزام.

قېرى سوغىچى خۇشاللىقى پەلەككە يەتكەندە يېۋ-گېنىيىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

— بۇ گەپچە ئۇ ھاراقنى 200 مىڭ فرانكقا ساتىد-دىكەنسىز - دە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خان قىزىم.

— ئۇنداقتا، ئاتا، شارلغا ياردەم بەرمىكىڭىز ئاساندىلىشىپتۇ - دە.

گراندېنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى غەزىپى ئۇز ۋاقتىدىكى بابىلون خانى بارتاكانىڭ سىرلىق بىر قولنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقى، ئېلىنىڭمۇ ۋەيران بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بەرگەنلىكىنى كۆر-گەندىن كېيىنكى غەزىپىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ئۇ جىيەنىنى ئاللىبۇرۇن كۆڭۈل - كۆكسىدىن چىقىرىۋەت-كەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ، جىيەنىنىڭ تېخىچە ئۆز قىزىنىڭ يۈرىكىنى چىڭ قامالاپ تۇرغانلىقىنى، قى-زىنىڭ بولسا ئەس - ھوشى شۇنىڭدا قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— ھىم، بۇ بايۋەچچىنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممە نەرسەم ئىزىدىن چىقىشقا باشلىدى. ھەرقايسىڭ قەنت - گېزەك، ھاراق - شارابقا پۇل بۇزۇپ ئۇنى مېھمان قى-لىشىۋاتىسەن، مەن شۇنچە ياشقا كىرىپتىمەن. نېمە

قىلمىشىم كېرەكلىكىنى ياخشى بىلمەن! قىزىمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ماڭا تەنبىھ بېرىشكە ھەقلىقى يوق. مەن جىيەنىمنىڭ ئىشىنى قايسى تەرىقىدە بىر ياقلىق قىلىشنى ئويلىسام، شۇ بويىچە بىر ياقلىق قىلىمەن. ھەرقايسىڭ بۇنىڭغا ئارىلاشما. سەن، يېۋگېنى، — دېدى گراندې ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تىلغا ئالغۇچى بولما، سۆزۈمنى ئاڭلىمايدىكەنسەن، نانېتا ئىككىڭنى بىراقلا موناستىرغا ئاپىرىپ بېرىمەن، مېنى بۇنى قىلمايدۇ دېمە، بۇ قېتىم يەنە غىڭشىپ باق، ئەتىلا ئاپىرىۋەتمەيدىغان بولسام. ھېلىقى بالا ھازىر نەدە؟ بالىخانىدىن چۈشتىمۇ؟

گراندې ئۆيىنىڭ ئىچىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ، بىردىنلا ئالدىراپ بالىخانىغا چىقىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ مەخپىي خانىسىغا بېكىنىپ، زايوم سېتىۋېلىشنىڭ پىلانى ئۈستىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى. يىلىتىزلىرى بىلەن قومۇرۇۋېتىلگەن 2000 ئارپان يەردىكى ئورمان 600 مىڭ فرانكقا يارىغانىدى؛ ئۇنىڭغا تېرەكنىڭ پۇلىنى ۋە ئەمدىلا ھاراق سېتىپ تاپقان 200 مىڭ فرانك پۇلنى قوشقاندا، ئۇنىڭ ئۆتكەن يىلقى ۋە بۇ يىلقى كىرىمى جەمئىي 900 مىڭ فرانكقا يەتكەنىدى. زايومنىڭ ھازىر بازاردا ئېقىۋاتقان بىرلىك باھاسى 70 فرانك بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قوشلاپ پايدا

ئالالايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇنىڭغا بىر ئۇرۇنۇپ باققۇسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بېسىلغان گېزىتنىڭ ئۇستىگە سان ـ سېپىرلارنى يې-زىپ ھېسابلاشقا كىرىشىپ كەتتى. جىيەنىنىڭ ئېچە-نىشلىق ئىڭراشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيت-تى. نانېتا تامنى چېكىپ كەچلىك تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. گراندې پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن چۈشۈۋېتىپ، «سەككىز يارماقلىق پايدا چىققان تەقدىردىمۇ، بۇ سودىنى جەزمەن قىلىشىم كېرەك. ئىككى يىلدىن كېيىن پارىژدىن بىر مىليون 500 مىڭ فرانكلىق تىللا ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

گراندې تۆت سائەتكىچە باشمالتىقىنى ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ، ئەتە پۇتۇن سومىيۇرانى تالڭ قالدۇرىدىغان پى-لانى بىلەن بەند ئىدى. كەچتە ھېچكىم كەلمىدى. پۈتۈن سومىيۇرادا گراندېنىڭ بۇ قېتىمقى ئىچى قارىلىقى، ئى-نىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى، جىيەنىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا گۇر ـ گۇر گەپ ئىدى. ئورتاق مەنپەئەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، سومىيۇرادىكى بار-لىق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئۈزۈمزارلىق خو-جايىنلىرى قورساق كۆپۈكلىرىنى چىقىرىۋېلىش مەق-سىتىدە دې. گراسسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىپ ئىما-

گىرىكى رايون باشلىقىنى ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن تىللاشماقتا ئىدى. گراندې بولسا ئۈچ يىلدىن كېيىنكى سەككىز مىليونلۇق بىساتىنىڭ يىراقتىكى كۆلەڭگىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئالتۇن دېڭىزىنىڭ ئىچىدە بىر چۆكۈپ ـ بىر لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرۈۋاتقاندەك، شېرىن خىياللىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى ئۇ، — مەن ھەممىڭلارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ كېچىلىكىگە خەيرلىك تىلەپ چىقاي، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرنېمە يەمدۇ ـ يېمەمدۇ، سورىغاچ چىقارمەن.

گراندې خانىم پەلەمپەينىڭ ئايلانمىسىدىكى يەرگە چىقىپ، بوۋاينىڭ شارلىغا نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىپ تۇردى. يېۋگېنې ئاپىسىدىن يۈرەكلىكرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىككى باسقۇچ يۇقىرىغىراق چىقتى.

— ئوغلۇم، كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ بوپتۇ، يىغلىۋالغىن، بۇ شۇنداق ئىش، ئاتا دېگەن ئاتادە. بىراق ئادەم مۇشۇنداق ئېغىر دەرد ـ ئەلەملەرگە قالغاندا، چىدامىلىق بولۇشى كېرەك. سەن بۇ يەردە يېتىپ يىغلاۋاتىسەن، مەن بولسام سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن. ساڭا قانچىلىك كۆيۈنۈۋاتقانلىقىمنى كۆردۈڭمۇ؟ تۇر ئورنۇڭدىن، غەيرەتلىك بول.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە تام مەشنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇ ئاق شامغۇ؟ بۇ يەرگە نەدىن كېپقالدى؟ تېخى بۇ خوتۇنلار ئۇنىڭغا تۇخۇمنۇ قورۇپ بېرىپتۇ، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ مېنى قاقسەنەم قىلىپ قويىدىغان بولدى!

بۇنى ئاڭلاپ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن خۇددى بىرنېمە-دىن ئۈركۈگەن چاشقان ئۇۋىسىغا قاراپ بەدەر قاچقانغا ئوخشاش دەررۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتلىرىغا چى-قىشىۋالدى.

— گراندې خانىم، سىزنىڭ يېتىپ يېسە تۈگىمەي-دىغان ئالتۇن تېغىڭىز بارمىدى؟ — دېدى گراندې ئايا-لىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ.

— قەدىناس، مەن ھازىر ئىبادەت قىلىۋاتىمەن، كېيىنكى بولسا بىردەمدىن كېيىن قىلسىڭىز قان-داق؟ — بىچارە ئانىنىڭ قورقۇپ ئاۋازىمۇ غەلىتىلا چى-قىپ كەتتى.

— سېنىڭ شۇ پەرۋەردىگارىڭ ئىشىنى قىل-سۇن! — دېدى گراندې غۇدۇراپ.

ھەممە دۇنياخورلار بۇگۈنىلا بىلىپ، ئۇ دۇنياغا ئىشەنمەيدۇ، گراندېنىڭ بۇ ئىدىيىسى بۇگۈنكى مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يالىڭاچلاپ ئېچىۋەتكەنىدى. ھازىر پۇلنىڭ قانۇننى، سىياسەتنى، ئۆرپ ـ ئادەتنى قاتتىق قامالاپ تۇرۇشى ئىلگىرىدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان

دەرىجىگە يەتتى. بۇ ئىدىيە ھەممىلا يەردە ئۆزىنى كۆر-
سەتمەكتە، ھەتتا قانۇنغىمۇ شۇنداق يېزىلغان. قانۇن
سودىيەدىن «نېمىنى ئۆيلىدىڭ؟» دېگەننى ئەمەس، ئەك-
سىچە «نەچچە پۇل بېرىسەن؟» دەپ سورايدىغان مۇشۇن-
داق مەسىلەك بۇرژۇئازىيىدىن ئاددىي پۇقرالار ئىچىگە
تارقىلىدىغان بولسا دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ قايسى
تۇسكە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، پەۋقۇلئاددە بۇ بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ
كەتتى. بۇ كۈن پۇلى بار، ئەمما ھالى خاراب بۇ قىز
ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى. ئۇنىڭ ئىل-
گىرىكى ھاياتى قانچىلىك تىنچ مۇھىت ئىچىدە ئۆتكەن-
سىرى، ئايالLارda ئەڭ سەزگۈر تۇيغۇ ھېسابلىنىدىغان
مېھرىبانلىق بىلەن دىلى يۇمشاقلىق ئۇنىڭ يۈرىكىدە
شۇنچە شىددەت بىلەن ئۇلغايماقتا ئىدى. ئۇ كېچىسى
بىرقانچە قېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ نەۋرە ئىنىسىنىڭ
ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپمۇ باقتى.

گراندې كېچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى ھەر خىل
چوت سوقۇشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى. سوققان چوتلىرى
ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى، كۆزەتكەنلىرى، پىلانلىرى بىلەن
خۇددى ھەممىنى بىلىپ تۇرغاندەك بىر يەردىن چىقاتتى
ۋە سوققان چوتى بويىچە قىلغان ئىشلىرىنىڭ بىرسى-
دىنمۇ چاتاق چىقماي، ھەممىسىدىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە

يېتىپ، سومىيۇرالىقلارنى ھەيران قالدۇراتتى. ھەممە دۇنياخورلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنسانلارنىڭ كۆچىنى ئۈز-لۈكسىز تۇردە ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن ئۆتىدۇ. گراندې ئىككى نەرسىگە، يەنى ئۆز غۇرۇرى بىلەن مەنـ-پەئەتىگە تايىنىدۇ. بارلىق دۇنياخورلارغا ئوخشاش، ئۇ-نىڭمۇ باشقىلار بىلەن كۈچ سىنىشىپ، ئۇلارنىڭ پۇلـ-نى قانۇنىي يوسۇندا ئۆز يانچۇقىغا سالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. دۇنياخورلارنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى پۇل ھەم ئۆزگىلەرنى كەمسىتىش. بوۋاي كېچىدە ئويلاپ قويغان بىر قاتار سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن پا-رىژلىقلارنى كولدۇرلاتماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئەس-يادى جىيەنىنىڭ ئىشىدا ئىدى؛ ئۇ ئىنىسىنىڭ ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ياكى جىيەنى بىر تىيىن پۇل خەجلىمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەق پۇلىنى ئۈچ يىللىق قەرەل بىلەن ئامانەتكە قويۇۋېتىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇنـ-داقتا ئۇنىڭ يەر-سۇيىنى باشقۇرۇشتىن باشقا ئىشى قالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپلاس ئىشى ئۈچۈن ۋاستە ئىزدەشكە باشلىدى. ئىنىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى ئۇ-نىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاستە بولالايتتى. ئىنىسىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پارىژلىقلارنى سىقىپ، ئۇلاردىن بىرنەرسە ئۈندۈرمەكتىن باشقا، ئۇ-

نىڭدا قوشۇمچە دۇنيا يوق ئىدى. مۇشۇ يولنى تۇتقاندىلا ئارىدىن جىيەنىگە مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولاتتى، ئۆزىمۇ بىر تىيىن خەجلىمەي كۆيۈمى بار ئاكا دېگەن نامغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇ بۇ چوتنى سوققاندا ئائىلىسىدىكى نام ـ شەرىپنى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىدى. كىرىۇشۇلار بولمىسا، ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى، بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزى بېرىشنى خالىمايتتى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ ئۇنى ئىزدىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بىر تىيىن خەجلىمەي تۇرۇپ، ئەتە ئەتىگەندە پۈتۈن شەھەرنى ئۆزىگە باركاللا ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن، بايا ئويلىغان پىلانىنى بۈگۈن كەچتە ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولدى.

ئاتىسى ئۆيدە يوق ئىدى، شۇڭا يېۋگېنى خۇشاللىقىنى ئىچ ـ ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇرىكىدىن ياخشى كۆرىدىغان بىر نەۋرە ئىنىسىغا ئاشكارا ھالدا غەمخورلۇق كۆرسىتەلەيتتى. ئۇنىڭغا بولغان چىن يۈرىكىدىكى مېھرىبانلىقلىرىنى خاتىرجەم، يۈرەكلىك ئىپادىلىيەلەيتتى. مېھرىبانلىق ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن ئارتۇق تۇرىدىغان پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكىنى باشقىلارغا بىلدۈرەلەيدىغان، ئەرلەرنى ئۆزىدىن بەزدۈرىدىغان ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان بىردىنبىر ھېسسىياتى. يېۋگېنى بىر نەۋرە

ئىنىسىنىڭ ئويغانغان ـ ئويغانمىغانلىقىنى بىلىش ئۈ-
چۈن، ئۇ ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە ئۈچ ـ تۆت قېتىم
بېرىپ، ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. بىرھازادىن كېيىن
شارل ئويغاندى؛ يېۋگېنى قەھۋە، قايماق، تۇخۇم، مېۋە ـ
چېۋە، پەتنۇس، ئىستاكان قاتارلىق ئەتىگەنلىك تاماققا
لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يۈگۈرۈپ يۈ-
رۈپ تەييار قىلدى.

— ئاتام كۆرسە نارازى بولماسلىقى ئۈچۈن، تامىقى-
ڭىزنى مەشەگە ئاچىقىپ بېرەيلى.

ئۇ ئاشخانا ئۆيگە خۇددى كېپىنەكتەك تېۋىشسىز
كىرىپ كەلدى:

— نانېتا، سەن چىقىپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى يى-
غىشتۇرۇپ چۈشكىن.

— ئۇنىڭ مېھرىبان، قەدىرلىك ئانىسىمۇ ئۇنىڭ
شېرىن مۇھەببىتى ئۈچۈن رازىمەنلىك بىلەن خىزمەت
قىلىۋاتاتتى. شارلنىڭ ھۇجرىسى يىغىشتۇرۇلۇپ بولغا-
نىدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بۇ بەختسىز بالىغا ھەمراھ
بولۇپ ئولتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە كىردى. شارل
گراندې ئۇلارنىڭ سەمىمىي ۋە مۇلايىم مۇئامىلىسىگە
ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئازابتىن پارە ـ پارە بولغان يۈرىكى بۇ
خىل چەكسىز سەمىمىي دوستلۇق ۋە كارامەت چوڭقۇر
ھېسداشلىقنىڭ شېرىنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىشقا

باشلىدى. شارل ئۆزىنىڭ جانجىگەر تۇغقىنى بولغاچقا، يېڭىگىنى ئۇنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى، دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان پەرداز قۇتىسىنى رەتلەشكە باشلىدى. ئۇ قولىغا چىققانلىكى ئويۇنچۇقلارغا، ئالتۇن ـ كۈمۈش يالىتىلغان نەرسىلەرگە تويماي قارايتتى ۋە قانداق ياسالغانلىقىنى كۆرۈشنى باھانە قىلىپ قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيتتى. شارل چوڭ ئاپىسى بىلەن نەۋرە ئاچىسىنىڭ بۇ خىلدىكى قىزغىن مۇئامىلىلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى. ئۇنىڭ پارىژ جەمئىيىتى بىلەن ئوبدان تونۇشلۇقى بار ئىدى، ئۆزىگە ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىدىن باشقا ھېچقانداق مېھرىبانلىق كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ يېڭىگىنىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر گۈزەللىكنى كۆردى.

دەرۋازىنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئانا ـ بالا ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار پەلەمپەيدىن ناھايىتى تېزلىكتە چۈشۈپ، گراندې كىرىپ بولغۇچە ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ قوللىرىغا ئىشلىرىنى ئېلىپ بولۇشتى. ئەگەر گراندې ئۇلارنى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا كۆرۈپلا قالغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن بولاتتى. بوۋاي چۈشلۈك تاماقنى تېزلا يەپ بولۇپ تۇراتتى، فرافوندىكى قورۇققا قارايدىغان

بىرسى هارۋىسىنى هەيدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر توشقان ۋە بىرنەچچە كەكلىك ئالغاچ كەلگەنىدى، بۇلار گراندېنىڭ شۇ يەردىكى بېغىدىن ئوۋلانغان نەرسىلەر ئىدى. تۇگمەنچى يەنە يىلانبېلىقتىن بىرنى، موكا بې- لىقتىن ئىككىنى ئەۋەتكەنىدى.

— هۇششەرە، تازا ۋاقتىدا كەپسىلەڭ، كورناي، بۇ نەرسىلەرنىڭ گۆشى ئوبدانمۇ، ئېيتە؟

— ئەلۋەتتە ئوبدان. ياخشى نىيەتلىك ئەپەندىم. ئوۋ- لىغىنىمغا ئىككى كۈن بولغان.

— قېنى سەن نانېتا، تېز بول! بۇ نەرسىلەردىن كەچلىك تاماق تەييارلا! كرېۋشولاردىن ئىككىسىنى مېھمان قىلماقچىمەن.

— بىراق، — دېدى نانېتا، — تاماققا كېتىدىغان سېمىز گۆش بىلەن دورا ـ دەرمەكنى نەدىن تاپىمەن؟

— خانىم، — دېدى گراندې، — ناتېتاغا ئالتە فرانك بېرىپ تۇرۇڭ، يەنە بىر گەپ، بىردەم تۇرۇپ گەمىدىن هاراق ئاچىقىشنى ئېسىمگە سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ.

قورۇققا قارايدىغان كىشى ئىش هەققى توغرىلۇق دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ كىرگەنىدى.

— بۇ گەپچە بولغاندا، گراندې ئەپەندىم.

— بولدى، بولدى، بولدى، — دېدى گراندې گېپىنى

بۆلۈۋېتىپ، — مەن سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلى-
قىڭنى بىلدىم. ئۆزۈڭمۇ ئوبدان ئادەم، بۈگۈن مەن ئال-
دىراش، قانداق گەپ بولسا ئەته قىلىشايلى. خانىم ها-
زىرچە ئۇنىڭغا بەش فرانك بېرىپ تۇرۇڭچۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كەتتى. بىچارە ئايال
ئون بىر فرانكنىڭ بەدىلىگە كېلىدىغان خاتىرجەملىك
ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى، چۈنكى گراندې ئۇنىڭغا
بەرگەن پۇللىرىنى بىر - بىرلەپ قايتۇرۇۋالغاندىن كې-
يىن، يېرىم ئايغىچە ئۇنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر چىقارماي،
ئۇنىڭغا تىنچلىق بېرەتتى.

— كورناي، — دېدى گراندې خانىم ئون فرانكنى
ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ، — كېيىنچە يەنە ساڭا ئا-
تىغىنىمىزنى بېرەرمىز.

— خانىم، ماڭا ئۈچ فرانك بەرسىڭىزلا كۇپايە،
قالغىنى يېنىڭىزدا قالسۇن، مەن ئىشنى مۇشۇ پۇل
بىلەنلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش توغرىلاۋېرىمەن.

— نانېتا، كەچلىك تاماقنى مولراق راسلىغىن،
نەۋرە ئىنىم پەسكە چۈشۈپ تاماق يەيدۇ، — دېدى
يېۋگېنې.

— بىزنىڭ ئۆيدە راستتىنلا چوڭ بىر ئىش يۈز
بېرىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى گراندې خانىم، — مەن
توي قىلىپ بۈگۈنگىچە، بۇ، ئاتاڭنىڭ ئۈچىنچى قېتىم

مېھمان چاقىرىشى.

گراندې كىشىلەر بىلەن كۆپ ئالاقە قىلىپ يۈرۈپ ھىيلە ـ مىكىرگە تولىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئۇچراپ كەتكەن ئادەملەر كەيـ ـنىدىن ئۇنى قېرى ئىت دەپ تىللايتتى. ئەگەر ئىلگىرى سومىيۇرانىڭ رايون باشلىقى بولغان بۇ ئادەمنىڭ قارا نىيىتى تېخىمۇ چوڭايسا، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بەخت ـ تەلىيى ئۇڭدىن كېلىپ يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈـ رۈلىدىغان ۋە شۇ سالاھىيىتى بىلەن خەلقئارا چوڭ ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىشكە قاتنىشىپ، ئۇ يەردە خۇـ سۇسىي مەنپەئەت ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئىشقا سالىدىغان بولسا، فرانسىيە ئۇچۇن كاتتا خىزمەت كۆرسىتىدىغانـ ـلىقىغا قىل سىغمايتتى. لېكىن بوۋاي سومىيۇرادىن ئايرىلسىلا كارغا كەلمەيدىغان بىر بىچارىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسى بەزى ھايۋانلارنىڭ بىر يەردىن بىر يەرگە يۆتكىلىپ سۇ، يەر يەڭگۈشلىسە كۆپىيەلمىگىنىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ـ دە؟

— سو... سوت... باشلىقى... ئە... ئەپەندىم، سىز، سىز... ۋە... ۋەيران بولۇش توغرۇلۇق گراندې بوـ ۋاينىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يالغاندىن كېكەچلەپ گەپ قىلىدىغان ۋە كۆپچىلىكمۇ تەبىئىي كېكەچ ئوخشايدۇ

دەپ ئىشىنىپ قالغان ئادىتى، شۇنىڭدەك يامغۇر - يې-
شىن كۆنلىرى زارلىنىدىغان قۇلىقىنىڭ ئىغىرلىقى
بۇگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان ئىككى كرىيۇشۇنى تولىمۇ
بىزار قىلدى، بوۋاي گەپ قىلىۋاتقاندا ئۇلار چىرايلىرىنى
پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ گېلىغا قاپلىشىپ قېلىۋاتقان
گەپلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتكۈسى
كېلەتتى. بۇ يەردە بىز گراندېنىڭ نېمە ئۈچۈن كې-
كەچلەيدىغانلىقىنى ۋە قۇلىقىنىڭ قانداق بولۇپ ئې-
غىرلىشىپ قالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنى
سۆزلەپ ئۆتسەك ئارتۇق كەتمەس.

ئانژو رايونى بويىچە، شۇ جاينىڭ يەرلىك سۆزلى-
رىنى پىششىق بىلىشتە ۋە چۈشىنەرلىك قىلىپ سۆز-
لەشتە بۇ ھېيلىگەر قېرىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم
بولمىسا كېرەك. لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇ ئىل-
گىرى بىر يەھۇدىينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەت-
كەندى. سۆھبەتتە، ئۇ يەھۇدىي قىلغان سۆزلەرنى ئاڭ-
لىمىغان كىشى بولۇۋېلىپ ھە دەپ قۇلىقىنى ئالدىغا
سوزغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەقسىتىنى زادىلا
ئۇقتۇرالمايدىغاندەك قىلىپ قاتتىق كېكەچلەپ كەتكە-
نىدى. بۇنى كۆرگەن گراندې ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ ئۇ
ھېيلىگەر يەھۇدىينىڭ كۆڭلىدىكى ئويى ۋە دېيەلمەي-
ۋاتقان سۆزلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ

بەرگەن. نەتىجىدە يەھۇدىينىڭ دىمەكچى بولغانلىرى گراندېنىڭ ئېغىزىدىن چىققان. گراندېنىڭ دېگەنلىرى بۇ ئۆلۈمتۈك يەھۇدىينىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەر بولۇپ چىقىپ، ئاخىر گراندې گراندې ئەمەس، بەلكى يەھۇدىيغا ئايلىنىپ قالغان ۋە شۇ قېتىمقى غەلىتە سۆھبەتتە پۈتۈشكەن سودا توختامىدا گراندې تۆنجى قېتىم زىيان تارتقاندى. لېكىن ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتقىنى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر ساۋاقتا ئىگە بولغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن، كېيىن گراندې ئۇ يەھۇدىيغا رەھمەت ئېيتقان، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭدىن سودا رىقابەتچىسىنى بىئارام قىلىدىغان ۋە ئۇنى قارشى تەرەپ ئۇچۇنلا كاللا ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ماھارەتنى ئۆگەندى ـ دە.

— دې. بو ... بو ... بونفون ئەپەندىم.

بۇ گراندېنىڭ گۇۋاھچى كرىيۇشۇنىڭ جىيەنىنى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىككىنچى قېتىم ئەپەندىم دەپ ئاتىشى ئىدى. سوت باشلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەلكىم بۇ قۇۋ قېرى ئاخىر مېنى كۈيئوغۇللۇققا تاللاپتۇ ـ دە دەپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— سىز... سىز... سىز... سىز ۋە... ۋەيران بولۇشىنى... يەنە... بەزى... بەزى چاغلاردا تو... تو... توسۇپ

قىلىشقا... بو... بولىدۇ دېگەنىدىڭىز.

— سودا ئىشلىرى سوتى ئوتتۇرىغا چىقسا، ۋەيران بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، — دېدى دې. بونفون. ئۇ بۇ سۆزى بىلەن گراندې بوۋاينىڭ ئويىدىكىنى بىلىۋالدىم ياكى پەرەز قىلالىدىم دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا زىر - زەۋەرلىرىگە چۈ- شەندۈرمەكچى بولدى.

— بۇ ھەقتە سىزگە سۆزلەپ بېرەي، قۇلاق سېلىڭ!

— قۇلاق... سا... لاي، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىگە ھودۇققاندەك ئەلپازدا جاۋاب بېرىپ. ئۇنىڭ قۇۋلۇق يې- غىپ تۇرغان چىرايى مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندەك قىلغان بىلەن، ئىچىدە ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىغا ئوخشايتتى.

— ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالاھىدە ئەربابلار، مەسىلەن، سىزنىڭ پارىژدىكى ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم ئىنىڭىزغا ئوخشاش كىشىلەر... — پېقىر... پېقىرنىڭ ئىنىسى، شۇنداق....

— قەرزنى قايتۇرالماسلىقتەك خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە...

— بۇ... بۇ... قە... قەرزنى... قا... قايتۇرالماسلىق دې... دېيىلەمدۇ؟

— شۇنداق ... ۋەيران بولۇش دەرىجىسىگە چۈشۈپ

قالغاندا، باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە سودا ئىشلىرى سوتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەر تۇرۇۋاتقان ماگىزىنلار ئۈچۈن، ئىنىقلىغۇچىلارنى بەلگىلەيدۇ. ئىنىقلاش ۋەيران بولۇش ھېسابلانمايدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟ ۋەيران بولغان ئادەمنىڭ نام ـ شەرىپى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىدۇ، لېكىن مال ـ مۈلكى ئىنىقلانغان كىشىنىڭ نامىغا داغ چۈشمەيدۇ.

— ئۇنداقتا، ئوتتۇرىدىكى پە... پەرق... بەك چوڭ ئىكەن، — دېدى گراندې.

— سودا ئىشلىرى سوتىنىڭ ياردىمىسىزمۇ مال ـ مۈلۈكنى ئىنىقلاشقا بولۇۋېرىدۇ، — سوت باشلىقى بۇرۇن تاماكىسىدىن بىر چىمدىم تارتىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قانداق ئەھۋالدا ۋەيران بولغانلىقى جاكارلىنىدۇ، بىلەمسىز؟

— بۇ مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كېلىپ با... باقمىغان ئىش ئىكەن، — دېدى گراندې جاۋاب بېرىپ.

— بىرىنچى، — سوتچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى ياكى ئۇنىڭ رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ۋاكالەتچىسى ئۆز قولى بىلەن تولدۇرغان قەرز جەدۋىلىنى سوتنىڭ كاتىبات ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، قەرز ئىگىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ئىلتىماسىنى سۇنۇشى كېرەك. لېكىن

بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشى قەرز جەدۋىلىنى تاپشۇرمىسا ياكى ھېچقانداق قەرز ئىگىسى سوتقا يۈقىرىدىكى ئالاقىدار كىشىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟

— توغرا... توغرا، توغرا، ئۇنداقتا قا... قا... قانداق قىلىش كېرەك؟

— بۇنىڭ ئۇچۇن، ئەگەر ئۇ كىشى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى، ۋەكىلى، ۋارىسى، ھايات بولسا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئىشىغا ئىگە بولسا بولىدۇ. بەلكىم سىز مەرھۇم ئىنىڭىزنىڭ قەرزلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانسىز؟

— گراندېي، — دېدى گوۋاھچى ئۆزىنى باسالماي ھاياجانلىنىپ، — ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز تولىمۇ ياخشى ئىش بولاتتى. بىز چەت - ياقا جاينىڭ ئادەملىرى بولساقمۇ، نام - شەرىپىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىمىز. بۇ ئىش سىزنىڭ ئائىلىڭىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا سىز ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز جەمەتىڭىزنىڭ نامىنى قوغداپ قالغان بولسىڭىز، يىگىتتەك ئىش قىلغان بولاتتىڭىز....

— بۇ ئۇلۇغ ئىش بولاتتى، — دېدى سوت باشلىقى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى بوۋاي ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ ئىنىمنىڭ فا... فا... فامىلىسىمۇ

مېنىڭكىگە ئو... ئو... ئوخشاشلا گراندې، بۇ... بۇ... بۇ-نىڭغا گەپ كېتەمدۇ؟ مە... مە... مەن ئۇنىڭدىن با... باش تارتمۋاتقىنىم يوق. ئىنىمنىڭ قە... قە... قەرزىنى بىر تە... تەرەپ قىلىش، مە... مە... مەيلى قانداق ئەھۋالدا بو... بو... بولمىسۇن ، جە ... جە ... جىيەنىم ئۇچۇن تولىمۇ پا... پايدىلىق ئىش، ئۇنىڭ ئۇستىگە مە... مە... مەن ئۇنى يا... يا... ياخشى كۆرىمەن، بىراق، ئا... ئا... ئالدى بىلەن بۇ... بۇ... بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدان بىلىشىم كېرەك. مەن... پا... پا... پارىژدىكى ئۇ ھىيلىگەر مۇناپىقلارنى تو... تو... تونۇمايمەن، مەن سو... سو... سومىيۇرادا تۇرىمەن. شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ ئۇ... ئۇ... ئۇزۇملىرىم، ئېرىق - ئۆ... ئۆستەڭلىرىم، قىسقىسى، مېنىڭمۇ ئۆز ئالدىمغا تىرىكچىلىكىم با... با... بار، مەن قەرەللىك چەكنى قو... قو... قولۇمدىن چىقىرىپ باققان ئەمەس. قەرەللىك چەك دېگەن نېمە؟ مە... مە... مەن بۇنداق چە... چە... چەكنى كۆپ ئالغان. ئەمما قولۇمدىن چىقىرىپ باقمىغان. قەرەللىك چەكنى بانكىغا ئېلىپ بارسا نەق پۇلغا تېگىشكىلى، قەرەل توشماي تۇرۇپمۇ پۇل... پۇ... پۇ... ئالغىلى بو... بو... بولىدىغانلىقىنىلا بىلىمەن، ئا... ئا... ئاڭلىسام، قە... قە... قەرەللىك چەكنى ياندۇرۇۋالغىلىمۇ بولارمىش....

— شۇنداق، — دېدى سوت باشلىقى، — قەرەللىك

چەكنى بازاردا ئۆز باھاسىدىن چۈشۈرۈپ ساتقىلىمۇ بو-لىدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

گراندىي بۇ گەپنى ئاڭلىيالمىغاندەك قىلىپ قولىد-قىنى ئالدىغا سوزغانىدى، سوت باشلىقى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — بۇ... بۇ... بۇ ئىشنىڭ ھەم يا... ياخشى، ھەم يامان يېرى باركەندە؟ مەن... مەن... مەن قېرىپ قالدىم. بۇ... بۇ... ئىشلارنى ئا... ئا... ئاڭقىرالمىغۇدەكمەن. مەن مەشەدە تۇ... تۇ... تۇرۇپ زىرائەتلىرىمنى يىغىۋالمىسام بو... بو... بولمايدۇ. يىغىم ۋا... ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىزمۇ... مۇ... مۇھىم. مەن ئۆيۈمنى تاشلاپ ئۇ... ئۇ لەنتى ئىشنى قىلىشقا با... بارالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېسىممۇ تازا جا... جا... جايىدا ئەمەس. سىز... سىز ۋەيران بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىنىمنىڭ ئىشلىرىنى بىر... بىر... بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پا... پا... پارىژغا بېرىشىمنى ئېيتىۋاتىد-سىز، مەن... مەن... مەن يا ئاسماندا ئۇچىدىغان قۇ... قۇ... قۇش بولمىسام، قانداق قىلىپ بىرلا ۋا... ۋا... ۋا-قىتتا ئىككى تە... تە... تەرەپكە تەڭ ئۈلگۈرىمەن؟

— مەن سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى گوۋاھچى، — بىراق، قەدىناس

دوستۇم، سىز ئۇچۇن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان دوستلى-
رىڭىز بارغۇ.

— خوپ، ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەكلى-
كىنى ئۆزۈڭ دەپ باقمامسەن! — دېدى بوۋاي ئىچىدە.

— ئەگەر پارىژغا بىرسىنى ئەۋەتسىڭىز، ئۇ ئادەم
مەرھۇم ئىنىڭىز گراندې قەرز بولۇپ قالغان ئەڭ چوڭ
قەرز ئىگىسىنى ئىزدەپ تاپسا...

— توختاڭ، — دېدى گراندې ئۇنىڭ سۆزىنى بۆ-
لۇپ، — مەن ئەۋەتكەن ئادەم بېرىپ ئۇ... ئۇ... ئۇنىڭغا
نېمە دە... دە... دە ... دەيدۇ؟ سومىيۇرادىكى گراندېنىڭ ئۇ
يېرى ئۇزۇن، بۇ يېرى قىسقا، ئۇ ئىنىسىنى، جىيەنىنى
يا... يا... ياخشى كۆرىدۇ. گراندېنىڭ ئا... ئا... ئاكىسى
ئوبدان ئا... ئا... ئادەم، ئۇ هازىر بۇ ھەقتە ئوبدان ئويغا
كەلدى. ئۇ بۇ يىلقى ھوسۇلنى ئوبدان پۇ... پۇ... پۇل
قىلىۋالدى. سىلەر ئۇنىڭ ئىنىسىنى ۋە... ۋە... ۋەيران
بولدى دەپ جا... جا... جاكارلىماي، ھەممىڭلار باش قو...
قو... قوشۇپ، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېنىقلايدىغانغان بىر
نە... نە... نەچچە ئادەم تە... تە... تەيىنلەڭلار، گراندې
شۇ... شۇ... شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ. بۇ ئىشقا سوت
ئا... ئا... ئارىلاشقاندىن كۆرە، ئۆزىمىزلا بىر تە... تە...
تەرەپ قىلغىنىمىز ياخشى... دېيىشى كېرەكمۇ؟ ھەم
مۇشۇنداق دېسۇنمۇ؟

— شۇنداق! — دەپ جاۋاب بەردى سوت باشلىقى.

— بو... بو... بونفون ئەپەندىم، بۇ ئىشقا ئوبدان ئو... ئويلىنىپ ئاندىن تۇ... تۇ... تۇتۇش قىلغىنىمىز يا... يا... ياخشىمىكىن، قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنى بە... بە... بەربىر قىلغىلى بو... بو... بولمايدۇ، پۇ... پۇ... پۇل خەجلەيدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىدە، ئالدى بىلەن، ئۇ ئىشلارنىڭ بىزگە كە... كە... كەلتۈرىدىغان پا... پا... پايدىسى بىلەن زىيىنىنى ئېنىقراق بىلىۋېلىش كېرەك. شۇ... شۇ... شۇندىلا بىز ۋەيران بولمايمىز، بۇ گېپىم توغرىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىش كېرەك، — مېنىڭچە، بىز بىر نەچچە ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ، توختام تۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە ئازراق پۇل چىقىرىپ قەرز زايوملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالايلى. ئاھا، ئۇ چاغدا سېمىز گۆش سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشكەندە، ئۇ ئىتلار كەينىڭىزدىن يۇگۇرمەي قالامدۇ؟ ئىنىڭىزنى ۋەيران بولدى دەپ جا-كارلاتماي، قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قو-لىڭىزدا تۇتۇپ تۇرىدىغان بولسىڭىز، بىر تال چېكىتتە-مۇ يوق ئاق قاشتېشىنىڭ ئۆزى بولىسىز.

— ئاق... ئاق... ئاق قاشتېشى؟ — گراندې بۇ گەپنى يەنە ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، قولىقىنى ئالدىغا سوز-دى، — مەن ئاق... ئاق... قاشتېشى دېگەننى بىلمەيمەن.

— ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى سوت باشلىقى.

— ما... ماقۇل، ئا... ئاڭلاي.

— قەرز زايومىمۇ باھاسى ئۆرلەپ ـ چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر خىل تاۋار. بۇ ئىلىم بېنتام دېگەن بىر قانۇنشۇناسنىڭ جازانىخورلۇق توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئىچىدىن تېپىپ چىقىلغان، ئۇ ھەتتا بەزىلەرنىڭ جازانىخورلۇقنى ئەيىبلەيدىغان قاراشلىرىنىڭ بىمەنىلىكىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغانىدى.

بوۋاي دېمىغىنى بوش قېقىپ قويدى.

— بېنتامنىڭ قارىشىچە، پرىنسىپ جەھەتتە پۇل بىر خىل تاۋار ئىكەن، ئۇ چاغدا پۇلغا ۋەكىللىك قىلغان نەرسىلەرمۇ تاۋار ھېسابلىنىشى كېرەك. خوش، ئۇ نەرسىلەرنى تاۋار دەپ قارىساق، ئۇنىڭ باھاسىدا ئېگىز ـ پەسلىكنىڭ بولۇشى تەبىئىي؛ تىلخەت ۋە پالان ـ پوكۇنلار قول قويغان ھۆججەتلەرمۇ باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش بىردە كۆپىيىپ ـ بىردە ئازلايدۇ، باھاسىمۇ ئۆرلەپ ـ چۈشۈپ تۇرىدۇ. سوتمۇ باشقىلاردىن... (ھوي، مەن نېمانچە كالۋالىق قىلىدىغاندىمەن، كەچۈرۈڭ) مېنىڭچە، سىز ئىنىگىزنىڭ قەرز زايوملىرىنى ئىككىدىن بەش ھەسسىگىچە چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىڭ.

— بۇ ئادەم بىزنى سودا داۋامىدا چېكىدىغان پەر-

يادلاردىن خالاس قىلدى، — دېدى گوۋاھچى كولوپ.

— بۇ ئەنگلىيىلىكلەر بە... بە... بەزىدە... ئەقىلغا سىغمىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، — دېدى گراندې، — ئەمىسە، بېنتامنىڭ دېگىنى بو... بويىچە بولسا، ئىنىمنىڭ قەرز زايوملىرىنىڭ قا... قا... قانچىلىك قىممىتى... ئەمەلىيەتتە يوق... گېپىم توغرىمۇ؟ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ ئېنىقلا گەپ... قەرز ئىگىلىرىنىڭ... مۇمكىن ئەمەس. مە... مە... مەن بۇنى بىلگەن يە... يەردە.

— مەن سىزگە بۇنى چۈشەندۈرۈپ باقاي، ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى سوت باشلىقى، — قانۇنىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىز ئىنىڭىزنىڭ باشقىلارغا قەرز بولغان زايوملىرىنى قولىڭىزغا ئېلىۋالسىڭىز، ئىنىڭىز ياكى ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالدى ـ بەردىسى تۈگەيدۇ ـ دە، ئىش پۈتىدۇ.

— ئىش پۈتىدۇ، — بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ قويدى.

— ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئىنىڭىزنىڭ قەرز زايوملىرى بازارغا ئېلىپ بېرىلىپ مەلۇم دەرىجىدە باھاسى چۈشۈرۈلۈپ سېتىلسا، شۇنداقلا دەل دوستلىرىڭىزدىن بىرەرسى شۇ مەيداندا ئۇنى سېتىۋالسا، قەرز ئىگىسى ئۇنى تەھدىت ئاستىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز

ئىختىيارىچە ساتقانلىقى ئۈچۈن، پارىژدىكى مەرھۇم ئىـ
ـنىڭىزنىڭ پۈتۈن بىساتى ھەممىگە ئايان ھالدا قەرز
تۆلەشلەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

— شۇ... شۇنداق بولمامدىغان، سو... سو... سودا
دېگەن سودا ـ دە، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، — دېدى سو-
غىچى، — بىراق شۇ... شۇنى بىلىسىڭىز بو... بولىدۇ،
مە... مەندە پۇل يوق، ۋاقىتمۇ يوق.

— دۇرۇس، ئەلۋەتتە ئۆزىڭىزنى ئىككىگە بۆلەلمەي-
سىز ـ دە، ئۇنداق يېرىڭىز بولسا، پارىژغا مەن باراي
(يول كىراسى سىزدىن، بۇ سىز ئۈچۈن ھېچ گەپ ئە-
مەسقۇ)، مەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن قەرز ئىگىلە-
رىنى تېپىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشەي ھەم قەرز زايوم-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالاي، پۇل تاپشۇرۇش ۋاق-
تىنى بىر ئاي كەينىگە سۈرەي. ئازراق پۇل خەجلىسەك،
قالغان ئىشلارنى توغرىلىماق ئاسان.

— بۇ، بۇ ھەقتە يەنە مەسلىھەتلىشەيلى، بۇ ئىشقا
كەلگەندە مە... مە... مەن يەڭگىللىك بىلەن جا... جا...
جاۋاب بېرەلمەيمەن. شارائىت پىششىپ يە... يە... يەتمىگەن
ئەھۋالدا بۇ مۇمكىن ئە... ئە... ئەمەس، زا... زا... زادى
مۇمكىن ئەمەس، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق.

— سىز... سىز... سىز ئېيتقان با... با... بايىقى

سۆزلەر كا... كا... كاللامنى ئىلەشتۇرۇۋەتتى. مەن بۇ... بۇ ئىشنى يەنە ئو... ئو... ئويلىشىپ باقاي.

— ئۇنداق بولسا... ، — دېدى سوت باشلىقى بوۋاي-نىڭ گېپىنى قاق ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ. ئۇ باياتىن قىلىشقان پاراڭلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئۇنىڭدىن يەكۈن چىقىرىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئىنىم!... — دېدى گۇۋاھچى ئەيىبلەش تەلەپنامىسىنى بۇ-زىدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— خوش؟ — دېدى سوت باشلىقى.

— ئەمدى گراندېي ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئېيتىپ باقسۇن، ھاۋالە قىلىنىۋاتقان بۇ ئىش كىچىك ئىشلاردىن ئەمەس، بىزنىڭ دوستىمىز بۇ ئىشنىڭ قاد-چىلىك دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن ئې-غىز ئېچىپ باققان بولسا....

ئۇشتۇمتۇت دەرۋازا قېقىلىپ، دې. گراسسىنلارنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى، ئۇلارنىڭ كىرىشى ۋە ئۆزئارا ئەھۋال سوراشلار كرىيوشولارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. سۆھبەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى گۇۋاھچىنى تو-لىمۇ خۇشال قىلدى. چۈنكى گراندېي ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەرى بىلەن قاراپ، بۇرۇتىنىڭ ئۇستىدىكى تۇپۇق بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ، ئىچىدە بىئارام بولۇ-ۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ھەممە ئىشتا

ئېھتىياتچان گوۋاھچى يېڭىدىن سوت باشلىقى بولغان ئادەمنىڭ پارىژغا بېرىپ قەرز ئىگىلىرىنى قارماقتا ئىلىندۇرمەن دېيىشىنى ۋە ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۇر. مەيلا قانۇنغا مۇخالىپ ھالدا بۇ سۇيىقەستكە ئارىلە. شىپ قىلىشىنى توغرا تاپمايتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، گ. راندې بوۋاي پۇل چىقىرىش توغرۇلۇق تېخى ئىپادە بىلدۈرمىدى. جىيەنى بولسا تەۋەككۇل قىلىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشماقچى، مانا بۇ نەرسىلەر گوۋاھچىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان قورقۇنچقا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ گراسسىنلار كىرگەن ئارىلىقتا، سوت باشلىقىنى دېرە. زىنىڭ تۈۋىگە تارتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئىنىم، ئىچىڭدىكىنى شۇنچىلىك تۆككىنىڭمۇ يېتەر؛ خۇشامەتمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتمىگىنى ياخشى. سەن ھازىر ئۇنىڭ قىزىنى دەپ ساراڭ بولغاندەك قىلە. سەن، ئۆزۈڭنى بۇ ئىشقا قالايمىقان ئۇرما. مەن ھازىر كېمىنىڭ رولىنى قولۇمغا ئالىمەن، سەن بىر چەتتە تۇرۇپ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەرسەڭلا بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭ. نىڭ ئىستىقبالىغا داغ چۈشۈرۈشنى ئويلىمايدىغانسەن؟

شۇ ئارىدا، دې. گراسسىنىڭ قېرى سوغىچىغا قولىنى بېرىۋېتىپ قىلغان سۆزى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— گراندې، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن

بەختسىزلىكتىن خەۋەردار بولدۇق، گېلموي گىراندېنىڭ تۇگەپ كەتكەنلىكى تولىمۇ ئېچىنارلىق ئىش بوپتۇ، بىز بۇگۇن ئۇ مەرھۇمغا تەزىيە بىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق.

— ئىنىڭىزنىڭ ئۆلۈمى كىشىنى تولىمۇ قايغۇغا سالىدۇ، — دېدى گۇۋاھچى سۆز قىستۇرۇپ، — ئەگەر ئۇ ئاكىسىدىن ياردەم سورىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. بىزنىڭ بۇ دوستىمىز نام ـ ئابرۇيىنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن قەرزلىرىنى ئۇزۇشكە ياردەم بېرەتتى. قانۇن بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىشنىڭ گىراندېغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ ئىنىم ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن دەرھال پارىژغا بېرىپ قەرز ئىگىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ كەلمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

بۇ سۆز ۋە بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ ئۇزۇمزارلىق خوجايىنىنىڭ ئېگىكىنى ئاستا سىلاپ قويۇشى ئۈچ نەپەر گىراسسىنى قاتتىق ئەجەبلەندۈردى. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگىچە يول بويى گىراندېنىڭ بېخىللىقىنى بولۇشىچە تىللاپ كېلىشكەن ۋە ئىنىسىنىڭ ئۆلۈشىگە ئاساسەن شۇ زامىن بولدى، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقانىدى. ئەمدىلىكتە بانكىر خانىمغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— بۇنداق بولۇشىنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن، شۇنداقمۇ؟

يولدا كەلگۈچە مەن ساڭا نېمە دېدىم؟ مانا مېنىڭ دې-
گىنىمدەك بوپتۇ. بىزنىڭ گراندې نام ـ ئابرۇيىنى قە-
دىرلەيدىغان ئادەم. ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنىڭ نامىغا داغ كېلى-
دىغان ئىشقا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ. پۇل بولۇپ،
ئابرۇي بولماسلىقنىڭ ئۆزى بىر خىل كېسەللىك.
بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرمۇ نام ـ ئابرۇينى قەدىرلەيدۇ.
گراندې، بۇ ئىشىڭىز تولىمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ. مەن
ھەربىي بولغان ئادەم، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنى بىلمەيمەن،
نېمىنى ئويلىغان بولسام شۇنى دەۋېرىمەن. خۇدانىڭ
قۇدرىتى بىلەن، بۇ بىر ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىش بوپتۇ.

بانكىر سۆزىنى تۈگىتىپ، گراندېنىڭ قولىنى
قىزغىن سىقتى.

بىراق، سىز دېگەن ئۇ ئۇ... ئۇلۇغلۇقتا يېتىش
ئۈچۈن پۇلنى ئا... ئا... ئايىماي خەجلەشكە توغرا كېلى-
دۇ، — دېدى گراندې ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— بىراق، قەدىرلىك گراندې، — دېدى دې. گراس-
سىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سوت باشلىقى ئەپەن-
دىم، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، بۇمۇ بىر سودا ئىشى.
بۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان تەجرىبىلىك بىر
ئادەم ئارىلاشسا ئوبدان بولىدۇ. مال ـ مۈلۈككە بولغان
ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئالدىن
چىقىم قىلىش، ئۆسۈمىنى ھېسابلاش قاتارلىق ئىشلارنى

پىششىق بىلىش كېرەك. مەن بىر ئىش بىلەن پارىژغا بارماقچى. بۇ ئىشنى ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن بىللە بې-جىرگەچ كەلسەممۇ بولىدۇ.

— ئۆزۈم خا... خا... خالىمىغان ئىشقا يەڭگىللىك بىلەن ما... ما... ماقۇللۇق بېرىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن، قا... قا... قانداق قىلغاندا بىرەر ئاقىلانە تەدبىر تاپقىلى بولىدۇ، بۇنى ئىككىمىز ئالدىرىماي ئويلىنىپ كۆرەيلى، — دەپ جاۋاب بەردى گراندې كېكەچلەپ تۇ-رۇپ، — مېنى نېمىشقا بۇنداق دەيدىكىن دەپ قالماڭ، چۈنكى، سوت باشلىقى ئەپەندىم مەندىن يول كىراسىنى سوراۋاتىدۇ ئەمەسمۇ! — ئۇ ئاخىرىدىكى بۇ گەپنى كې-كەچلىمەي راۋۇرۇس سۆزلىدى.

— هوي، پارىژغا بېرىش ئويناپ كېلىش ئەمەسمۇ. مەن بولغان بولسام، يول كىراسىنى ئۆزۈم چىقىراتت-تىم، — دېدى گراسسىن خانىم پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەت-مەي. ئۇ، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي بۇ خىزمەتنى رەقى-بىڭنىڭ قولىدىن تارتىۋال دېگەندەك قىلىپ ئېرىگە لەپپىدە كۆز تاشلىدى، ئارقىدىن چىرايلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن كرىيوشولارغا زاڭلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

گراندې بۇنى ئاڭلاپ، بانكىرنى چاپىنىنىڭ تۈگمى-سىدىن تۇتقىنىچە بىر چەتكە تارتىپ ئاپىرىپ:

— سوت باشلىقىغا قارىغاندا، مەن سىزگە كۆپرەك

ئىشىنىمەن، — ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى توپۇق نەچ-
چە قېتىم مىدىرلىدى، — مەن زايوم سېتىۋالماقچى،
ئۇنىڭغا بىر قانچە مىڭ فرانك يېتەر، بىراق مەن ھەر-
بىرىگە 70 فرانك نەرخىدە تەييارلىق قىلدىم، ئاڭلىسام،
ئاي ئاخىرىدا زايومنىڭ نەرخى چۈشەرمىش، سىز بول-
سىڭىز شۇ ئىشنىڭ ئەھلى، بۇ گەپلەر راستمۇ؟
— پاھ! قالتىس گەپقۇ بۇ! بۇ گەپچە سىز ئۈچۈن
بىرقانچە مىڭ فرانكلىق زايوم يىغىدىكەنمەن ـ دە؟
— بۇنى ھېچكىم بىلمىسۇن، دەسلەپتە ئىشنى بەك
چوڭ قىلىۋەتمەيلى، سىز مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە
ماڭا بىر پارچە توختام تۈزۈپ ئەكېلىڭ، لېكىن بۇنى
كرىيۇشۇلار ئۇقۇپ قالمىسۇن، ئۇقۇپ قالسا خاپا بولۇشى
مۇمكىن. پارىژغا بارىدىغان بولسىڭىز، مېنىڭ بىچارە
جىيەنىم ئۈچۈن خەۋەر ئۇققاچ كېلەرسىز.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى دې. گراس-
سىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئەتە پەيتۈن كىرا قىلىپ
يولغا چىقىمەن.
— ياخشى، ياخشى، — دېدى گراندې، — خۇددى
كرىيۇشۇ سوتچى دېگەندەك، — سىز بىلىدىغان سەۋەبلەر...
تۈپەيلىدىن ھۆ... ھۆ... ھۆكۈمخانىغا باراي.
— لەنىتى قېرى! بىردەمدىلا دې. بونفون ئەپەندىم
بولماي قالدىم، — سوتچىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، سوت

زالىدا ئادۋوكات تەرىپىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇلغاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى.

رەقىبلەر بىللە قايتىشتى. ئۇلار گراندىېنىڭ ئۇ-زۇمزارلىق خوجايىنلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغان بۇگۈن ئەتىگەنكى قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇشۇپ، بىر - بىرىنىڭ پىيىگە چۈشۈشتى. گراندىېنىڭ هازىرقى بۇ يېڭى ئىشىنىڭ تېگىدە قانداق مەقسەت يوشۇرۇنغان-لىقى، ئۇنىڭ نىيەتلىرىنى ئويلاۋاتقانلىقى ئۇستىدە ھېچ-كىم ھېچنېمە دېمىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي گراندىېنىڭ مەردلىك بىلەن قىلغان قارارى بىرلا ۋاقىتتا يوقىرىدىكى ئىككى ئائىلىنىڭ ئاغزىدىن پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ، شەھەردىكى ھەممە كەپنىڭ تېمىسى ئۆز قېرىندىشىغا كۆرسىتىلگەن بۇ كاتتا مەردانىلىك ئۇستىگە يۆتكەلدى. كۆپچىلىك گراند-دېنىڭ ئۇزۇمزار خوجايىنلىرىغا بەرگەن قەسىمىنى بۇ-زۇپ، ئۆزىنىڭ بېسىپ قويغان هارىقىنى ساتقان ئىشىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ ساپ دىللىقىغا بىردەك قايىل بولۇش-تى، مەردلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. فرانسىيىلىكلەرنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدىغان ئادەملەرگە ئەسەبىيلەرچە چو-قۇنىدۇ ۋە ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشلارنى كۆرسە بۆ-لەكچە روھلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش چىقىشۇدى، ئۇلار

باشقا ئىشلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىشتى.

گراندې دەرۋازىنى ئېتىپلا نانېتانى چاقىردى:

— ئىتنى قويۇۋەتمە، ئۆزۈڭمۇ ئۇخلىماي تۇر، هازىر ئىككىمىز قىلىدىغان بىر ئىش بار. كورناي دې. فرا-فوننىڭ كونا هارۋىسىنى هەيدەپ سائەت بىردە بىزنىڭ ئۆيگە يېتىپ كېلىدۇ. ئوبدان ئاڭلا، ئۇ كەلگەندە دەرۋا-زىنى قاقماي ئاستا كىرسۇن، ساقچى ئىدارىسى كېچىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. يەنە كېلىپ قولۇم ـ قوشنىلارمۇ سىرتقا چىققىنىمنى بىلمەي قال-سۇن.

گراندې سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى. نانېتا ئۇنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى، بىرنەرسە-لەرنى ئىزدەشتۇرۇشلىرى، ئىشقىلىپ هەممە هەرىكەت-لىرىنىڭ تىۋىشسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ گراندې خانىم بىلەن قىزىنى ئويغى-تىۋېتىشتىن ئېهتىيات قىلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ جىيەنى شارلنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىقنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

تۈن نىسبى بولغاندا، ئەس ـ يادى بىر نەۋرە ئىنى-سىدا قالغان يېۋگېنى چاپاندىن بىرنى يېپىنچاقلاپ چىقىپ باقماقچى بولۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆ-رۈنگەن كۈچلۈك يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ

كەتتى.

توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى ئاتىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. گەرچە ئاتىسى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتتى. بوۋاي بىلەن نانىيتانىڭ مۆرىلىرىدىكى ئۆزۈن ياغاچتا ئارقان بىلەن باغلانغان يوغان بىر تۇڭ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— ۋيەي، مەريەم ئانامەي، نېمانداق ئېغىر بۇ، ئەپەندىم! — دېدى نانىيتا بوش ئاۋازدا.

— بۇنىڭ ئىچىدىكىسى مىس پۇللار، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا جاۋابەن، — دىققەت قىل، شامدانغا تېگىپ كەتمە!

پەلەمپەينىڭ تايانغۇچ رېشاتكىسى ئوتتۇرىسىدا بىر تال شام يېنىپ تۇراتتى.

— كورناي، — دېدى گراندې قورۇققا قارايدىغان ئادەمگە، — تاپانچا ئېلىۋالدىڭمۇ؟

— ياق، تەقسىر، مىس يارماقلىرىڭىزدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىسىز؟

— توغرا دېدىڭ، بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىمىز.

— ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىز ناھايىتى تېز ماڭىمىز، — دېدى قورۇققا قارايدىغان ئادەم، — ئورتاقچىلىرىڭىز سىزگە ئەڭ نوچى ئاتلارنى بەردى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇلارغا مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى دېمىگەنسەن؟

— سىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان تۇرسام....

— ماقۇله، هارۋا پۇختىمۇ؟

— پۇختىلىقىدا گەپ يوق. ئۇچ مىڭ جىڭ يۈك باسسىڭىزمۇ بەخۇدۈك كۆتۈرىدۇ. سىزنىڭ ئۇ ئەبجەق كۇپىڭىز قانچىلىك كېلەر؟

— بۇنى مەندىن سورائىلار، — دېدى نانېتا، — مۇشۇ ئېغىرلىقى بىلەن 1800 جىڭ كېلىدۇ.

— يوق گەپنى قىلما، نانېتا! خانىمغا مېنى سەھەراغا كەتتى دەپ قوي، كېچىدە كېلىپ تاماق يەيمەن، كورناي، تېز بول، سائەت توققۇزدىن ئىلگىرى ئانژوغا بېرىپ بولۇشىمىز كېرەك.

هارۋا مېڭىپ كەتتى. نانېتا دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى. ئاندىن ئىتنى قويۇۋېتىپ، ئاغرىپ تۇرغان مۈرىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. گراندېنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ تۇيمىدى؛ بوۋاينىڭ ئىشلىرى هەقىقەتەن ناهايىتى مەخپىي ئىدى، ئۇنىڭ مەخپىيلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن بىلەن تولغان بۇ ئۆيدە هېچكىم بىر تال يارماقمۇ كۆرۈپ باقمايتتى. ئۇ، بۈگۈن ئەتىگەن پورتتا

كىشىلەر ئاغزىدىن نانت شەھىرىدە نۇرغۇن كېمە ياساي-
دىغان بىر سودىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئال-
تۇنىنىڭ باھاسى بىر باراۋەر تۇرلەپ، ھايانكەش سودى-
گەرلەرنىڭ ئانژوغا كېلىپ ئالتۇن سېتىۋېلىپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئوتاقچىلى-
رىدىن بىرنەچچە ئات سورىۋېلىپ، ئۆزىدە بار ئالتۇنىنىڭ
ھەممىسىنى ئانژوغا ئاپىرىپ ساتماقچى، ئۇنىڭ پۇلىغا
زايوم سېتىۋالماقچى ھەم ئالتۇنىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ
كەتكەن پۇرسەتتە ئارىدىن پايدا تاپماقچى بولغانىدى.

— ئاتام كەتتى، — دېدى يېۋگېنىي ئىچىدە. ئۇ پە-
لەمپەينىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۆۋەندە بولغان پاراڭلارنى
تولۇق ئاڭلىغانىدى. شارلنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىۋاتقان
ئىڭراش يېۋگېنىيىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ تاختايدىن قىلىن-
غان تاملىرىدىن تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ
تېگىۋاتاتتى. ھۇجرا ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىقى-
ۋاتقان پىچاقتا ئوخشاش ئۆتكۈر نۇر پەلەمپەينىڭ بال-
داقلىرىنى توغرىسىغا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىچىدىن
ئېتىلمىگەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردى. شارل
ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ بېشى كونا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۇ-
كىنىڭ بىر تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى؛ قەلەم يەرگە
چۈشۈپ كەتكەن، قولى يەرگە ساڭگىلاپ قالغانىدى.

— ئۇ خەت يېزىپ قاتتىق چارچاپ كەتكەن

ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاغزى يەملەنگەن ئۇن نەچچە پارچە خەتنى كۆرۈپ، — ئۇ چەت ئەلگە بالدۇرراق چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆز ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتسا كېرەك.

ئۇ يەنە ئۇستەلدە يېيىقلىق تۇرغان ئىككى پارچە خەتنى كۆردى. ئۇنىڭ بىر پارچىسى «سۆيۈملۈكۈم ئانىتا...» دېگەن سۆز بىلەن باشلانغانىدى. بۇنى كۆرۈپ يېۋگېنىينىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز دۇپۇلدەپ كەتتى. ئىككى ئايىغىنى گويا يەرگە مىخلىۋەتكەندەك مىدىرلىيالماي قالدى.

— ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئانىتاسى! ئاھ، ئۇنىڭ ئايالى بار ئىكەندە، ئۇنى بىرسى سۆيىدىكەن ئەمەسمۇ! ئەمدى ئۈمىدلىنىدىغان نەرى قالدى!... ئۇ خېتىدە ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەندۇ؟

بۇ ئوي ئۇنىڭ كاللىسىنى چاقماق تېزلىكىدە كېزىپ چىقتى ۋە بۇ خەتلەر كۆزىگە يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— ئۈمىدلىرىم كۆككە ئۇچتى! مەن بۇ خەتنى كۆرمەسلىكىم كېرەك! چىقىپ... كۆرۈپ باقسامچۇ؟

يېۋگېنىي شارلغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ساڭگىلاپ قالغان بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئىلىپ قويدى، شارل خۇددى ئۇخلاۋېتىپمۇ ئۆزىنىڭ ئانىسىنى تونۇپ،

ئۆنىڭ ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلىتىشلىرىغا، سۆ-يۈشلىرىگە ئويغانماي ياتقان نارەسىدىگە ئوخشاش بەخۇ-دۇك ئوخلاۋاتاتتى. يېڭگىنىمۇ خۇددى مېھرىبان ئانىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قولىنى يېنىغا ئې-لىپ قويدى ۋە چاچلىرىغا يەڭگىلگىنە سۆيۈپ قويدى. «سۆيۈملۈكۈم ئانىتا!» خۇددى ئالۋاستى توختىماي ۋار-قىراۋاتقاندەك يېڭگىنىنىڭ قۇلىقىدىن بۇ سۆزلەر تې-خىچە كەتمەيتتى.

— بۇنداق قىلىشلىرىم بەلكى ئارتۇقچىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — شۇنداقتىمۇ بۇ خەتنى كۆرۈپ باقاي.

يېڭگىنى ئۈستەل تەرەپكە قايرىلدى. ۋىجدانى ئۇنى ئەيىبلەشتىن تېخىچە توختىمايۋاتاتتى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تىركىشىشى ئۇنىڭ يۈرىكىدە تۇنجى قېتىم ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر يۈ-زى قىزىرىدىغان ئىشنى قىلمىغان، هازىر بولسا قىز-غىن هېسسىيات بىلەن قىزىقىش ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

*«سۆيۈملۈك ئانىتا، هەرقانچە ئېغىر غەم ـ قايغۇمۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلغىنىمىز ۋە مېنىڭ بېشىمغا كەل-گەن ئېغىر كۈنلەرچىلىك بولماس. بۇ، هەرقانچە ئېھتىيات قىلساڭمۇ ئىرادەڭ بويىچە بولمىدىغان ئىش*

ئەمەس ئىكەن. ئاتام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ماڭا ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسى قولدىن كەتتى. مەن بۈگۈن يېرىم كېچىگىچە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ چىقتىم. مەن فرانسىيىدىن پاك چىقىپ كېتەي دېسەم — مەن چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك — ھىندىستانغا ياكى ئامېرىكىغا بېرىپ تەلەيىمنى سىناپ بېقىشقا يەتكۈدەك 100 فرانك مەندە يوق، پارىژدا قېلىشىم ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. ئائىلىسى ۋەيران بولغان، سودىدا پۇتۇنلەي سۇنغان ئادەمنىڭ ئوغلى ئۇچرايدىغان سوغۇق مۇئامىلىلەر، كەمسىتىشلەرگە چىدايدىغان يۈز بىلەن يۈرەك مەندە يوق. ئاھ تەڭرىم! تۆت مىليون فرانك قەرز؟

— بىچارە شارل، ھېلىمۇ ياخشى خەتنى كۆرۈپتىمەن! مەندە ئالتۇن بار، بۇنى سىزگە بېرەي! — دېدى ئىچىدە يېۋگېنى.

مەن يوقسۇزچىلىقنىڭ ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى زىنھار ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئەپسۇسكى، ھازىر مەندە 100 تىللا تۇرماق بىر يارماقمۇ يوق. مەن پارىژدىكى بارلىق شەخسىي قەرزلىرىمنى ئۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمدە قانچىلىك پۇل قالغانلىقىنى ئاندىن بىلىمەن.

*ئەگەر ماڭا بىر تىپىنمۇ ئاشمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا خاتىرجەم بولۇپ نانتقا بارىمەن ـ دە، كېمىدە ماتروس بولىمەن. جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلىمەكچىمەن. بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىم ئۈستىدە نۇرغۇن ئويلاندىم. سۆيۈملۈك ئانىتا، مېنى پارىژدا، ئۆزىڭىزنىڭ يېنىدا ئېپقېلىش ئۈچۈن، بارلىق راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىڭىزنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنى، تىياتىرخانىدىكى ئايرىمخانىڭىزنى قۇربان قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىككىمىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن چىقىمىغا يەتكۈدەكمۇ پۇل تاپالمايسىز، مېنىڭ بۇزۇپ ـ چېچىپ ئۆگىنىپ كەتكەن تۇرمۇشۇمنى قامدىيالمايسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سىزنىڭ ئۈنچە كۆپ قۇربان بېرىشىڭىزنىمۇ خالىمايمەن. شۇڭا ئىككىمىز بۈگۈن مەڭگۈگە ئايرىلىشىمىز كېرەك.*

— ئۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان بوپتۇ، ئاھ، مەريەم ئانام، بۇ ماڭا كەلگەن ئامەتقۇ!

يېۋگېنىي خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي سەكرەپ كەتتى. شۇ ئارىدا شارل سەل مىدىرلاپ كېتىۋىدى، يېۋگېنىنىڭ قورقۇپ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، بەختكە يارىشا شارل ئويغانمىدى. يېۋگېنىي يەنە خەتكە قارىدى:

مەن ئۆزۈمنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ھىندىستاننىڭ ھاۋاسى ياۋروپالىقلارنى، بولۇپمۇ جاپاغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ياۋروپالىقلارنى ناھايىتى ئاسانلا قېرىتىۋېتىدۇ. ئۇ يەرلەردە 10 يىل تۇرارمەن، 10 يىلدىن كېيىن، قىزىڭىز 18 ياشقا كىرىپ، سىزگە ھەمراھ بولىدۇ ھەم سىزنىڭ سىرلىرىڭىزغا قىزىقىدىغان بولىدۇ. مەن سىزنىڭ تۆت يىللىق بەختىلىك ئەسلىمىلەرنى ماڭا ئوخشاش يۇرىكىڭىزدە چىڭ ساقلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بىچارە دوستىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. لېكىن، ئانىتا، بۇ تەلەپنى سىزگە كەسكىن قويالمايمەن، چۈنكى، سۆيۈملۈكۈم، مەن ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرگە ماسلىشىشىم، كىشىلىك ھاياتقا ئاددىي نەزەر بىلەن قارىشىم، ھەممە ئىشتا ئەمەلىي چوت سوقۇشۇم كېرەك. مەن سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىپ بېرەي، مەن ھازىر بۇ يەردە، سومۇرادىكى چوڭ دادامنىڭ ئۆيىدە بىر نەۋرە ئاچامنى كۆردۈم. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، تەقى - تۇرقى؛ چىرايى، پىكىر قىلىشلىرى ۋە قەلبىگە نەزەر تاشلايدىغان بولسىڭىز، سىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز، مەن شۇنداق ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالدىم....

يېۋگېنى خەتنىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ

قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە «ئۇ قاتتىق چارچاپ كې-تىپ، خەتنىڭ داۋامىنى يازالمىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويـ-لىدى.

يېڭۈگېنىي ئۇنى ئاقلاشقا سەۋەب تاپقانىدى. ساددا قىزچاقنىڭ خەتتىكى سوغۇقلۇق بىلەن باغرى تاشلىـ-قىنى چۈشىنىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ قاتتىق تەربىيە ئاستىدا ئۆسكەن قىزلار گۈدەك، پاك كېلىدۇ، كىشىنى مەستانە قىلىدىغان مۇھەببەت دۇنياسىغا قەدەم قويغاندا ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە مۇھەببەت بولۇپ كۆرۈ-نىدۇ. ئەمما شارل پارىژنىڭ قورقۇنچلۇق تەربىيىسىدە تەربىيىلەندى. بۇ جەمئىيەتتە كۆزى ئۆتكۈرلەردىن بو-لۇشۇڭ ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە دوستۇڭنىڭ ياز-چۇقىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ تۇ-رۇشۇڭ، ھەرقانداق ئىشقا ئادەم بېدىكلىرىگە ئوخشاش سوغۇق مۇئامىلە تۇتۇشۇڭ، كۆز ئالدىڭدىكى ھەرقانداق نەرسىگە بولغان قايىللىقىڭنى بىلدۈرمەسلىكىڭ، ئا-لىيجاناب ئىشلارنى كۆرگەندە ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇماس-لىقىڭ، ھەممە ئىشتا ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشۇڭ كېرەك. ئېسىلزادە خېنىم، گۈزەل ئانېتا ھەر خىل قىلىقلار بىلەن شارلنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بەزى سۆز-لىرى بىلەن ئويغا سالاتتى، ئۇنىڭغا كىشىلىك

تۇرمۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنى دۇنياغا ئاياللارچە نەزەردە ھەم ئەمەلىي قارايدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇ ئۇنى ئىككى تەرەپلەپ چىرىتىش ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ خىل چىرىتىشنى ئاددىي ۋاستىلەر بىلەن ئەمەس، يۇكسەك ماھارەت بىلەن ئېلىپ باراتتى.

ئاتا ـ ئانىسى پەيلەپ چوڭ قىلغان، جەمئىيەت تولىمۇ ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرۈۋەتكەن شارلغا ئوخشاش مودا قوغلىشىدىغان ئادەملەردە بۈيۈك ھېسسىيات ـ مۇھەببەتنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئانىسى ئۇنىڭ قەلبىگە تېرىغان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئالتۇندەك خىسلەت پارىژنىڭ چوڭ قاينىمى ئىچىدە تېرىقتەك تېرىلىپ كەتكەن؛ يېۋگېنىي چەت ـ ياقا جايلاردىكى بەزى قىزلارغا ئوخشاش ئېھتىياتچان ۋە بىرنەرسىنى كۆزىتەلەيدىغان بولغان تەقدىردىمۇ، بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇرىكىدىكى تەلپۈنۈشلىرى بىردەك ماسلاشقان چاغدا، ئېھتىيات قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتالارمۇ؟ تاسادىپىي دۇچ كەلگەن بىر پۇرسەتتە، يېۋگېنىي بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ يۇرىكىدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاشكارىلىنىپ چىققان ھەقىقىي ھېسسىياتنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ساپ قەلبىدىن كۆتۈرۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى پىغاننى

ئاڭلىدى. ئىچىدە ئۇنى مەڭگۈ سۆيۈشكە قەسەم قىلدى.

«جېنىم ئۇكام!» يېۋگېنىي شۇ سۆزنى قىلىپلا خەتنى قويدى ـ دە، شامنى ئېلىپ، ئۇششاق چامداپ ئۆيـدىن چىقىپ كەتتى. يېۋگېنىي ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، بىر ئىشقا خۇشال بولغاندەك، شەمشاد ياغىچىدىن ياسالغان كونا ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، تۆۋىتىدىن توقۇلغان يوغان قىزىل ھەميانىنى ئالدى ـ دە، ئالىقىنىغا قويۇپ، ئېغىرلىقىنى دەڭسەپ كۆردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى سانىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغان بايلىقنى ساناشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن پورتۇگالىيىنىڭ يېپيېڭى 20 تىللاسىنى ساناـدى. بۇ، 1725 ـ يىلى جون V قۇيدۇرغان تىللا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى بەش پورتۇگالىيە سومىسىغا ياكى ئاتىسىنىڭ دېگىنى بويىچە 168 فرانك 64 سىنتقا تېگىشكە بولاتتى، لېكىن بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، قۇيۇلۇشى نەپىس، كۈنگە ئوخشاش پارقىراپ تۇرىدىغان تىللا بولغاچقا، ئۇنىڭ جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان باھاسى 180 فرانك ئىدى. يەنە گېنۇيانىڭ 100 دوللارلىق تىللاسىدىن بەشى بولۇپ، بۇمۇ ئاز ئۇچرايدىغان قەدىمىي تىللادىن ئىدى، ھەر بىرى 87 فرانكقا يارايتتى، قەدىمىي پۇللارنى ساقلايدىغان كىشىلەر ئۇنى 100 فرانك دېيىشىـمۇ سېتىۋالاتتى. بۇ تىللالار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئاتىسى

دې. لا. بېرتېلېردىن قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1729 ـ يىلى فىلىپ V قويدۇرغان ئىسپانىيە تىللاسىدىن ئۈچى بار ئىدى. ژانتىيو خانىم بۇ تىللالارنى ئۇنىڭغا بەرگەندە: «ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بۇ كىچىك نەرسە 98 فرانكقا يارايدۇ، ئوبدان قىزىم، بۇنى ئوبدان ساقلا، كەلگۈسىدە بۇ سېنىڭ شەخسىي خەزىنەڭدىكى قىممەتلىك نەرسە بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتىسى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىغان گوللاندىيە تىللاسىدىن 100ى بار ئىدى. بۇ تىللالار 1756 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، ھەر دانىسى 13 فرانكقا يارايدىغان 23 كاراتلىق ساپ ئالتۇنلاردىن ئىدى. قالغانلىرى ئاز ئۇچرايدىغان قەدىمىي پۇللار ئىدى.... ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەتتە دۇنياخورلار قەدىرلەيدىغان ئالتۇن مېدال، تارازىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ رۇپىيە، بۈۋى مەريەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەش رۇپىيە بولۇپ، ھەممىسى 24 كاراتلىق ساپ ئالتۇندىن قۇيۇلغانىدى؛ بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ نەپىس پۇللىرىمۇ بار بولۇپ، ھەربىرىنىڭ باھاسى 37 فرانك 40 سىنت ئىدى. ئالتۇنغا ھېرىس ئادەملەر ئۇچراپ قالسا، ھەربىرىنى ئاز دېگەندە 50 فرانكقا ساتقىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخى ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ ھەميانغا سېلىپ قويغان، ناپولېئوننىڭ سۈرىتى بار 40 فرانكلىق تىللادىن بىرسى

بار ئىدى. بۇ قىممەتلىك پۇللارنىڭ بەزىلىرى پۇتۇنلەي يېڭى ۋە تېخى بازارغا چىقمىغان تىللالار بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ھۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى ئىدى. گراندې بوۋاي دائىم بۇ تىللالارنى سوراپ ۋە كۆرۈپ تۇراتتى. قىزىغا ئۇلارنىڭ كۆركەملىكى، نەپىسلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىراق يېۋگېنى بۈگۈن بۇ تىللالارنىڭ نەقەدەر قىممەتـ. لىكلىكىنى، ئاتىسىنىڭ بۇنىڭغا قانچىلىك ھېرىسلىـ. كىنى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەگەر جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆـ. رىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىـ. نى ئاتىسى بىلىدىغان بولسا قانچىلىك بالا ـ قازا ئېـ. لىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىر نەۋرە ئىنىسىدىلا ئىدى. ئۇ بۇ نەرسىـ. لەرنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ بەش مىڭ 800 فرانكلىق بايلىقى بارلىقىنى بىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئالتۇنلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ، بىرى بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بولدى، يەنە بىرى ئۇنى مۇھەببەت دېڭىزىغا ئاپىرىپ تۆكمەكچى بولدى. يېۋگېنى تىللالارنى ھەميانغا سېلىپ، ئىككىلىنىپ تۇرمايلا بالىـ. خانىغا چىقتى. بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ بەختسىزلىكى ئۇنىڭغا كېچىنى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى، ئۇنىڭ ۋىجدانى، ھەممە نېمىسىدىن كېچىش روھى ۋە

ئىچ ـ ئىچىدىن بولدۇقلاپ تۇرغان شادلىقلىرى يۈرىكىنى بارغانسېرى چوڭقايتقانىدى. ئۇ بىر قولىدا شامدان، بىر قولىدا ھەميان كۆتۈرگىنىچە ھوجرىغا كىرىپ كەلگەندە، شارل ئويغاندى ۋە بىر نەۋرە ئاچىسىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. يېۋگېنې ھوجرىغا كىرىپ شامدانىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ـ دە، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— ئىنىم، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە يۈز كېلەلـ. مەيدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويدۇم؛ مېنىڭ بۇ گۇنا. ھىمنى سىزلا كەچۈرسىڭىز، تەڭرىمۇ كەچۈرىدۇ دەپ ئويلايمەن.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى شارل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ.

— مەن سىزنىڭ بۇ ئىككى پارچە خېتىڭىزنى ئو- قۇدۇم.

— شارل قىزىرىپ كەتتى.

— مەن قانداق قىلىپ خېتىڭىزنى ئوقۇپ قالدىم؟ نېمىشقا بۇ يەرگە چىقتىم؟ راستىمنى ئېيتسام، بۇنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇ- رۇپ، — بىراق مەن سىزنىڭ بۇ خەتلىرىڭىزنى ئوقۇغى- نىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلغىنىم يوق. چۈنكى، مەن ئۇ خەتلەردىن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى، سىزنىڭ يۈرە- كىڭىزنى چۈشەندىم، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە...

— يەنە نېمە؟

— ئۇنىڭدىن باشقا سىزنىڭ پىلانىڭىزنى، سىزگە پۇل لازىملىقىنى...

— جېنىم ئاچا...

— تىنچ، ئاۋازىڭىزنى چىقارماڭ، باشقىلارنى ئويغىتىۋېتىسىز، — دېدى ئۇ ھەميانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، — بۇ، بىر بىچارە قىزنىڭ يىغقان نەرسىلىرى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكى يوق، شارل، قوبۇل قىلىڭ. مەن تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا پۇل دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم، بۇنى ماڭا سىز بىلدۈردىڭىز، پۇل پەقەت بىر خىل ۋاستىلا ئىكەن، خالاس. بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن بىر قورساق ئىنىسىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئاچىڭىزدىن قاچانلا ياردەم سورىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

تېخى بالىلىقى تۈگىمىگەن يېۋگېنىي شارلنى رەت قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. شارل ئۈندىمىدى.

— ھوي، قوبۇل قىلمامسىز؟ — دەپ سورىدى يېۋگېنىي. ئۆينىڭ ئىچىنى يېۋگېنىينىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق باستى.

بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇشى يېۋگېنىينى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. بىراق ئۇنىڭ بىر

تىيىنىنىڭمۇ يوقلۇقى يېۋگېنىنىڭ كاللىسىغا بارغان-سېرى تەسىر قىلىپ، ئاخىر ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئەگەر سىز بۇنى قوبۇل قىلمايدىكەنسىز، ئورنۇمدىن ھەرگىز تۇرمايمەن، — دېدى ئۇ، — ئىنىم، ماڭا بىر ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بېرىڭ، مەن سىزنىڭ مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىڭىزنى، مەرد ياكى مەرد ئەمەسلىكىڭىزنى...

ئالېجاناب يۈرەكتىن چىقىۋاتقان بۇ ئۈمىدسىز نالىنى ئاڭلاپ شارلىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ئۇ يېۋگېنىينى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولىدىن تۇتۇۋالغانىدى. قولىغا بىرنەچچە تامچە ئىسسىق ياش تامچىلاپ چۈشۈشى بىلەنلا يېۋگېنىي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھەميانىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىكى تىللالارنى ئۈستەلگە تۆكتى.

— ئۇنداق بولسا بۇ پۇللارنى ئېلىڭ، بولامدۇ؟ — ئۇ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى، — قورقماڭ، ئىنىم، كەلگۈسىدە چوقۇم باي بولۇپ كېتىسىز، بۇ ئالتۇنلار سىزگە پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، كېيىنچە قايتۇرۇپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ؛ بولمىسا ئىككىمىز شېرىكلەشسەكمۇ مەيلى. قانداقلا شەرتىڭىز بولسا مەن تەييار، لېكىن سىز مېنىڭ بۇ ئاددىي سوۋغامنى ئۈنچىلىك

چوڭمۇ كۆرۈپ كەتمەڭ.

شارل باياتىندىن بېرى دولقۇنلىنىپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئاخىر يېۋگېنىيغا ئاشكارىلىدى:

— شۇنداق، يېۋگېنىي، ئەمدى قوبۇل قىلمىسام نامەردلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ. قوبۇل قىلاي، بىراق بىر شەرتىم بار، سىز ماڭا ئىشەنگەن يەردە، مېنىڭمۇ سىزگە ئىشىنىپ تاپشۇرىدىغان بىر نەرسەم بار.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى يېۋگېنىي قورقۇمسىراپ.

— جېنىم ئاچا، ئالدى بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، بۇ يەردە مېنىڭ بىر...

شارل سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپلا كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىگە قويۇلغان تۆت بۇرجەك خۇرۇم قاپچۇقنى كۆرسەتتى.

— ئەنە ئاشۇنىڭ ئىچىدە جېنىمدەك ئەزىز كۆرىدىغان قىممەتلىك بىر قۇتا بار. ئۇنى ماڭا ئانام بەرگەن. بۈگۈن ئەتىگەن مەن، ئەگەر مۇشۇ تاپتا ئانام تىرىلىپ گۆرىدىن چىقىدىغان بولسا، ئۇنى سۆزسىز سېتىۋەتكەن بولاتتى، دەپمۇ ئويلاپ كەتتىم. ئۇنى كۆرسىڭىز ئۆز ۋاقتىدا ئانامنىڭ مېنى دەپ قانچىلىك ئالتۇن سەرپ قىلغانلىقىنى بىلىسىز. ئەگەر ئۇنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن سېتىۋېتىدىغان بولسام، ئانامنىڭ ئەقىدىسىگە

خىيانەت قىلغان بولىمەن.

يېۋگېنى ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، تىترى-گەن هالدا ئىختىيارسىز شارلنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇ-ۋالدى.

ئۇلار سۇزۇك سۇدەك تىنىق كۆزلىرىنى بىر - بى-رىدىن ئۈزمەي بىرئاز سۈكۈتكە پاتتى. ئاندىن شارل شۇنداق دېدى:

— ياق، مەن ئالتۇننى دەپ ئۇنى بۇزۇشنى خالىماي-مەن ھەم ئۇنى قاراملىق قىلىپ سەپەرگە ئېلىپ ماڭ-مايمەن، سۆيۈملۈك يېۋگېنى، بۇ سىزدە ئامانەتتە تۇر-سۇن. دوستلار ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە ئامانەت قويغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە بۇنىڭچىلىك مۇقەددەس نەرسە بولماس دەپ ئويلايمەن، بۇنى سىز كۆرگەندە بىلىسىز.

ئۇ ئىشكاپنىڭ ئۈستىدىن قاپچۇقنى ئېلىپ كې-لىپ، ئىچىدىن قۇتىنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا يېۋگېنىيغا كۆرسەتتى. قۇتا تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كەتكەن هۈنەر بۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ئالتۇننىڭ قىممىتىنى بېسىپ چۈشەتتى. يېۋگېنى قۇتىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— بۇنىڭ تېخى هېچقانچە هەيران قالغۇچىلىكى يوق، — دېدى شارل ۋە ئارقىدىن قۇتىنىڭ بىر يېرىدىكى

يوشۇرۇن كۆنۈپكىنى بېسىۋىدى، ئىچىدىن يەنە بىر قە-
ۋەت كۆرۈندى، — قاراڭ، مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەڭ-
گۈشتەرىم مانا مەشەدە.

شارل ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىككى پورتېرت رەسىمنى
ئالدى. ھەر ئىككى رەسىم دې. مرىبېل خانىمنىڭ داڭلىق
ئەسىرى بولۇپ، چۆرىسى مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەنگە-
نىدى.

— ياھ، نېمىدېگەن گۈزەل ئايال بۇ! بۇياق سىز
خەت يازغان ھېلىقى خانىم...

— ياق، — دېدى شارل بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەس-
سۇم بىلەن، — بۇ مېنىڭ ئاتا - ئانام، سىزنىڭ كىچىك
ئانىڭىز، كىچىك ئاپىڭىز، يېۋگېنى، مەن سىزدىن يۈ-
كۈنۈپ تۇرۇپ ئۆتۈنەي، مېنىڭ بۇ ئەڭگۈشتەرىمنى
ساقلاپ بېرىڭ. ئەگەر مەن سىزنىڭ ماڭا بەرگەن شەخ-
سىي ئالتۇنلىرىڭىز بىلەن بىللە بۇ دۇنيادىن كېتىپ
قالىدىغان بولسام، سىزنىڭ ماڭا بەرگەن ئالتۇنلىرىڭىزنىڭ بەدىلىگە بۇ قۇتا سىزنىڭ بولۇپ قالسۇن، بۇ
ئىككى پارچە رەسىمنى سىزگە تاپشۇردۇم. بۇنى ماڭا
ساقلاپ بېرىشكە پەقەت سىزلا ھەقلىق، بۇ نەرسىلەرنى
بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتسىڭىز مەيلىكى، ئەمما ئىككىنچى
بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن....

يېۋگېنى لام - جىم دېمىدى.

— ماقۇل بولدىڭىز ـ ھە، شۇنداقمۇ؟ — ئاخىردا شارل ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن بۇ سۆزنى قوشۇپ قويدى.

يېۋگېنى بىر نەۋەر ئىنىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويدى. بۇ ئىشق ئوتى تۇتاشقان قىزنىڭ ئۆز مەشۇقىغا تۇنجى بېقىشى ئىدى. شارل ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى.

گراندې ئانژۇدىن كەچ سائەت بەشلەر بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئالتۇنلىرىنى 14 مىڭ فرانكقا تېگىشىپ كەلگەن بولۇپ، يېنى پادىشاھلىق خەزىنىسىنىڭ پۇلى بىلەن تومپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ زايوم سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى بۇ پۇللىرىنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلىپ تۇراتتى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تۆت ئاتنى ھاردۇق ئالدۇرۇپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، كورنايىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ كەلگەنىدى.

— خانىم، مۇشۇ تاپتا ئانژۇدىن كېلىشىم، قورساق ئېچىپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

— تۈنۈگۈندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قورسىقىڭىزغا بىر نېمە يېمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى نانېتا ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ.

— ھېچ نەرسە يېمىدىم، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ. نانېتا ئۇستەلگە شورپا كەلتۈردى. ئائىلىدىكىلەرنىڭ

ھەممىسى تاماق يەۋاتقاندا دې. گراسسىن خوجايىنىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىش ئۈچۈن مېھمانخانىغا كىردى.

— ئاۋۋال تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، گراندې، — دېدى بانكىر، — بىردەم تۇرۇپ پاراڭلاشساقمۇ بولىدۇ. ئالتۇنىنىڭ ئانژۇدىكى باھاسىنى ئۇقتىڭىزمۇ؟ بەزىلەر ئالايىتەن نانتتىن كېلىپ سېتىۋالغىلى تۇرۇپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە قولۇمدىكى ئالتۇندىن ئازراق ئېلىپ بېرىپ ساتسامىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ھازىر ئانژۇنىڭ بازىرىدا ئالتۇن كۆپىيىپ كەتتى. بىز ئوبدان ئۆتۈۋاتقان ئاغىنىلەر، مەن سىزنى ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن دەيمەن.

— بىراق ئالتۇننىڭ باھاسى 13 فرانك 50 سىنتقا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ؟

— توغرا، ئىلگىرى شۇ باھاغا چىقىپتۇ دېگىنىڭىز توزۇك.

— ئېزىتقۇغا ئوخشاش يەنە نەگە بېرىپ كەلدىڭىز؟

— تۈنۈگۈن كېچە ئانژۇغا بېرىپ كەلدىم، — دېدى گراندې بوش ئاۋاز بىلەن.

بۇنى ئاڭلاپ بانكىر خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. كېيىن ئىككىيلەن باشلىرىنى بىر يەرگە

ئەكىلىپ بىر ئىش توغرۇلۇق سۆھبەتلەشتى ۋە گەپ قىلىۋېتىپ، ھەر ئىككىسىلا شارلغا بىرنەچچە رەت قاراپ قويۇشتى. قېرى سوغىچى بانكىرغا 100 مىڭ فرانكلىق زايوم سېتىۋېلىش ھەققىدە گەپ قىلغان بولسا كېرەك، بانكىرنىڭ چىرايىدا بايىقىدەك ھەيرانلىق ئالامىتى يەنە كۆرۈندى.

— گراندې ئەپەندىم، — دېدى ئۇ شارلغا، — مەن پارىژغا بارماقچى، ماڭا تاپشۇرىدىغان بىرەر ئىشىڭىز بولسا...

— ھېچقانداق ئىشىم يوق، ئەپەندىم، رەھمەت سىزگە، — دېدى شارل جاۋاب بېرىپ.

— رەھمىتىڭىزنى تەكەللۇپ بىلەن ئېيتىسىڭىز قانداق بولار ئوغلۇم، ئۇ گېلموي گراندېنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارىدۇ، — دېدى قېرى سوغىچى.

— بۇ ئىشتىن ئازراق ئۈمىد بار ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى شارل.

— نېمە دەۋاتىسەن ئوغلۇم؟ — قېرى سوغىچى خۇددى قىلىۋاتقان گېپى راستتەك مەغرۇر قىياپەتكە كىرىۋالدى، — سەن دېگەن مېنىڭ جىيەنىم، سېنىڭ يۈز-ئابرۇيۇڭ بىزنىڭمۇ يۈز-ئابرۇيىمىز، سېنىڭ فامىلەڭمۇ گراندې ئەمەسمىكەن ئۇنتۇما!

شارل ئورنىدىن تۇرۇپ گراندې بوۋايىنى چىڭ

قوچاقلىدى، ئاندىن چىرايى تاتارغان هالدا چىقىپ كەت-تى. يېڭىنى دادىسىدىن ئېيتقۇسىز رازى بولۇپ، ئۇ-نىڭغا قارىدى.

گراندې بوۋايغا كەلسەك، ئۇنىڭ نەپسى قانغانىدى. كۆز ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ بەگزادە ئاز كۈندىن كېيىن يولغا چىقاتتى. نانتقا بارغۇچە كېتىدىغان كىرا ھەققى-دىن باشقا، ئۇ بىر تىيىن پۇل خەجلىمەيتتى. شۇڭا، ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بۇ مېھمان يەنە قاچانغىچە تۇرسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. گراندېنىڭ خىيالى يايلاق بىلەن چوڭ يولنىڭ بويىدىكى يەرلەرنى تۈزلەش، لوئار دەرياسىنىڭ بويىغا تېرەك تىكىش، ئۈزۈمزارلىق ۋە فرافوندىكى ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ قىشلىق ئىشلىرى بىلەن بەند بولغاچقا، ئۇششاق ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭىنى ئىشق - مۇھەببەتنىڭ قايىنىمىغا رەسمىي چۆكتى. ئۇ يېرىم كېچىدە بىر نەۋەر ئىنىسىغا ئالتۇن - كۈمۈشلە-رنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، يۈرىكىمۇ شۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شارل مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئېسىلزادە خانىمى، سۆ-يۈملۈك ئانىسى بىلەن بولغان مۇھەببەتتە ئۇ پەقەت بوران - چاپقۇندەك بىردەملىك ھاياجانلىنىشنىلا ھېس

قىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ پارىژغا خاس ئىشقىۋازلىق-تىن مۇستەسنا بولۇپ، ھەقىقىي، ساپ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەكتە ئىدى. دې. گراسسىن كې-تىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، گراندې شارلنى ھۆكۈمە-خانىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھو-قۇقىدىن ۋاز كېچىش توغرىسىدىكى ھۆججەتكە قول قويدۇردى. بۇ، دىندىن چىقىپ دەھرىي بولۇشقا ئوخ-شايدىغاندەك ۋەھىمىلىك ھۆججەت ئىدى. ئارقىدىن گراندې ئۇنى گۇۋاھچى كرىيۇشونىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا ئىككى پارچە ھاۋالە خېتى يازغۇزدى. ئۇنىڭ بىرى دې. گراسسىنغا، يەنە بىرى شارلنىڭ ئۆي جا-ھازلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ بېرىدىغان ئاغىنىسىگە ئەۋەتىلەتتى.

ئاخىردا ئۇ زۆرۈر رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، پاس-پورت ئالدى. بۇ ئىشلار پۈتۈپ، شارل بۇيرۇتقان ئادىي قارىلىق كىيىملىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ سومىيۇرادىكى بىر ماشىنچىنى چاقىرىپ كېلىپ ئارتۇق كىيىملىرىنى ئۇنىڭغا ساتتى. بۇ ئىش گراندېنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ شارلنىڭ ئۇچىسىدىكى قوپال رەختتىن تىكىلگەن قارىلىق كىيىملىرىنى كۆرۈپ:

— مانا ئەمدى سىرتقا چىقىپ باي بولۇپ كېلىدىغان ئادەمگە ئوخشىدىڭ، ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، تاغا، — دېدى شارل، — مەن هازىر ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلدىم.

— شارلنىڭ قولىدا تۇرغان ئالتۇننى كۆرۈپ، گراندېنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بۇنى نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەپەندىم، مەن تۇگمە، ئۆزۈمگە ئوخشاش پۇلغا يارايدىغان ئۇششاق - چۇششەك نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يىغدىم؛ بىراق بۇ نەرسىلىرىمنى پۇل قىلىپ بېرىدىغانغا سومىيۇرادا بىرمۇ تونۇشۇم يوق، مۇمكىن بولسا...

— مېنى سېتىۋالغىن دېمەكچىمۇسەن؟

— ياق، سىزگە بۇنى سېتىۋالىدىغان ئىنساپلىق ئادەمدىن بىرنى تېپىپ بېرەمدىكىن دەپ...

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بەرگىن، ئوغلۇم، ئۇستىگە چىقىپ دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاندىن بولىدىغان باھاسىنى ئېيتىپ بېرەي، بىر تىيىنمۇ كەم بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئۇزۇن بىر زەنجىرنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، — بۇ زىننەت بۇيۇمى ئالتۇنكەن، بۇنىڭ ئالتۇن تەركىبى 18 ـ 19 كارات.

— ئاچا، — دېدى شارل، — ماۋۇ ئىككى تۇگمىنى سىزگە بېرەي، بىر تال يىپەك يىپقا ئۆتكۈزۈپ بىلىكىڭىزگە

سىلىۋالسىڭىز شۇنداق يارىشىدۇ، ھازىر ئاياللار مۇشۇن-
داق بىلەزۈكلەرنى سالىدىغان بولۇپ كەتتى.

— بولىدۇ، تۇزۇت قىلمايلا ئالاي، — يېۋگېنى
شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— چوڭ ئاپا، بۇ ئانامدىن قالغان ئويماق ئىدى، ئۇنى
گۆھەردەك بىلىپ سەپەر قۇتامدىن ئايرىماي كېلىۋاتات-
تىم، — دېدى شارل ناھايىتى نەپىس ياسالغان بىر دانە
ئالتۇن ئويماقنى گراندې خانىمغا سوۋغا قىلىپ. بۇنداق
نەپىس ئويماققا گراندې خانىم ئون نەچچە يىلدىن بېرى
ئېرىشەلمەي كېلىۋاتاتتى.

— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋا-
تىمەن، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مەن
ئەتىگەنلىك، كەچلىك ئىبادەتلىرىمدە سىزگە ئاق يول
تىلەپ تۇرىمەن، مەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالسام يېۋگې-
نى ساقلايدۇ.

— ئوغلۇم، ئۇ نەرسىلىرىڭ 989 فرانك 75 سىنتقا
يارايدىكەن، — دېدى گراندې ئۆيگە كىرىپ، — باشقىلارغا
ساتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمە، پۇلۇڭنى مەنلا بې-
رەي.... نەق پۇل.

— سىزنى سېتىۋېلىڭ دېمىشكە تىلىم كۆيمە-
دۇ، — دېدى شارل جاۋاب بېرىپ، — بىراق شەھىرىڭلاردا
بۇ نەرسىنى سېتىپ يۈرۈشتىن ئۆزۈممۇ خىجىل. نا-

پولىيئوننىڭ «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن سۆزى بار. شۇڭا سىزنىڭ بۇ خالىس نىيىتىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

گراندىي قولىقىنى تاتىلاپ قويدى. ئۆي ئىچىنى بىر مەھەل جىمجىتلىق باستى.

— چوڭ ئاتا، — دېدى شارل گراندېنىڭ كۆڭلىگە باشقا ئىشلار كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، — ئاچام بىلەن چوڭ ئاپام مېنىڭ خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن ئازراق بىرنەرسەمنى يۈزۈمنى قىلىپ قوبۇل قىلدى. سىزمۇ مۇنۇ تۇگمىنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ بۇنىڭ ئەمدى ماڭا كېرىكى قالمىدى، خەقنىڭ يۇرتىدا ئۆز قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ يۈرگەن مەندەك بىر بىچارىنى ئەسلەپ قويسىڭىزلا ماڭا شۇ كۇپايە، ئەمدى مېنىڭ سىلەردىن باشقا ھېچقانداق تۇغقىنىم يوق.

— ئوغلۇم، باغرىم، نەرسىلىرىڭنى نېمىشقا ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا بېرىپ تۈگىتىسەن؟... سەن نېمە ئالدىڭ، خانىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن گراندىي خانىمدىن، — ھە، ئالتۇن ئويماق ئىكەندە، سەنچۇ قوزام؟ ھە، سېنىڭ ئالغىنىڭ برىلىيانت تۇگمىكەن ـ دە، بولىدۇ، ئوغلۇم سېنىڭ بەرگەن تۇگمەڭنى قوبۇل قىلاي، — ئۇ شارلنىڭ قولىنى سىقىپ قويدى، — بىراق، بىر

نەرسىگە ماقۇل دېيىشىڭ كېرەك.... بۇنىڭ ھەققىگە... ساڭا... شۇنداق ئەمەسمۇ... ھىندىستانغا يېتىۋالغۇدەك يول كىراسى بېرەي. شۇنداق، سېنىڭ يول كىرايىڭنى مەن كۆتۈرەي، بىر سۆزنى ئېيتىپ قوياي، ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ زىننەت بۇيۇملىرىڭنى سەرلىگەندە ئالتۇننىڭ ئۆزىنىلا ھېسابلىدىم، بەلكىم ئۇنىڭ ئىش ھەققىگىمۇ ئازراق پۇل كېلەر. مەن ساڭا 1500 فرانك بېرىمەن.... بۇ ساپ سان، بۇ پۇلنى مەن كرېۋشۇدىن ئۆتنە ئېلىپ تۇردۇم، مەندە ھازىر بىر تىيىن يوق.

ئاشىق ـ مەشۇقلار باغقا كىردى. شارل يېۋگېنى-نىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، بىر تۇپ ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئەسكىرەپ كەتكەن ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئاستا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە مۇنداق دېدى:

— يېۋگېنى، بىز يەنە بەش كۈندىن كېيىن ئاي-رىلىمىز، بەلكىم بۇ ئايرىلىشىمىز مەڭگۈلۈكتۇر ياكى ئۇزاق ۋاقىتلىقتۇر، بىرنەچچە يىل ئىچىدە قايتىپ كېلەمەن دېيەلمەيمەن. سۆيۈملۈك ئاچا، سىز ھاياتىڭىزنى ماڭا باغلاپ قويماڭ، مەن بەلكىم ئاتام كۆرمىگەن يەرلەردە ئۆلۈپ قالارمەن ياكى بولمىسا سىزگە پۇلى بار بىرسى نېسىپ بولۇپ قالار....

— سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟... — دەپ سو-رىدى يېۋگېنى.

— شۇنداق، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرد-مەن، — دېدى شارل، ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى سەممىيلىكتىن ھېسسىياتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن سىزنى كۈتمەن، شارل. ۋاي قانداق قىلار-مەن، ئاتام دېرىزىدە تۇرمامدۇ؟! — دېدى ئۇ ۋە ئۆزىنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋاتقان شارلنى ئىتتىرىۋەتتى.

يېۋگېنىي قېچىپ ئىشكىنىڭ ئەگمىسى ئاستىغا كىرىۋالدى. شارلمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن يېۋگېنىي پەلەمپەينىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى ـ دە، كارىدورنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىردى، كېيىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى نانېتانىڭ ھۇجرىسىنىڭ يېنىدىكى قاراڭغۇ بىر يەرگە ئالدى. شارلمۇ كەينىدىن كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە يۈرىكىگە ياقتى، ئاندىن بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە ئاستا تارتىپ بىرنى سۆيدى، يېۋگېنىي ئەمدى قارشىلىق قىلمىدى، بەلكى ئۇمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ پاك، ئەڭ ئىللىق، ئەڭ يېقىملىق سۆيگۈ ھارارىتى بەخش ئەتتى.

شارل ماڭىدىغان كۈننى رەسمىي ئېيتقاندىن كې-يىن، گراندېي جىيەنىگە بۆلەكچە غەمخورلۇق قىلمۇۋات-قانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، قالتىس ئالدىراش بولۇپ كەتتى؛ پۇل كەتمەيدىغان نەرسىلەرگە ئاجايىپ كەڭ قوللۇق قىلدى. ساندۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقىپ كېتىپ، ساندۇقنىڭ باھاسى ناھايىتى ئۆرىكەن

دەپ يېنىپ كىردى ۋە يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ئۆزى ساندۇق ياساشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، ئۆيدىكى ئەسكى تاختايلارنى ھەرىدەپ، رەندىلەپ، مىخلاپ دېگەندەك، بىر كۈن كەچكىچە بىرنەچچە ساندۇق پۈتكۈزۈپ، شارلنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى شۇنىڭغا قاچىلىدى، ئۇ يەنە ساندۇقلارنى كېمىگە قاچىلاتقۇزۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇردى، شۇنداقلا نانتقا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، دەريا بىلەن يولغا سالماقچى بولدى.

كارىدوردىكى سۆيۈشۈشتىن كېيىن، كۈنلەر يېۋگېنىغا شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن بىللە قېچىپ كەتكۈسىمۇ كېپكەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە گراندې بىلەن نانېتا ئۆيدە يوق ئىدى. يېۋگېنى ئىككى پارچە پورتېرت رەسىم سېلىنغان قىممەتلىك قۇتىنى يوغان ئىشكاپنىڭ بىردىنبىر تارتمىسىغا سېلىپ، قۇلۇپلاپ قويدى. ئەلۋەتتە قىممەتلىك قۇتىنى تارتمىغا سالغۇچە ئىككىيلەن قىزغىن سۆيۈشۈپ، كۆز يېشى قىلىشتى. يېۋگېنى ئاچقۇچنىڭ زەنجىرىنى بويىنىغا ئېسىپ، ئاچقۇچنى ئىككى كۆكسىنىڭ ئارىلىقىغا تىقىۋاتقاندا، شارل كېلىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە سۆيگەندى، ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— دوستۇم، بۇ مەڭگۇ مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ.

— مېنىڭ يۈرىكىممۇ مەڭگۈ مۇشۇ يەردە.

— مەن مەڭگۈ سىزنىڭ، — بۇ سۆزنى ھەر ئىك-كىلىسى بىر قېتىمدىن تەكرارلىدى.

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ساپ ۋەدە بولماس. يېڭگېنىينىڭ ساددىلىقى شارلنىڭ مۇھەببىتىنىمۇ مۇقەددەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناماق بىر خىل مەيۈسلۈك ئىچىدە يېيىلدى. نانېتا شارلنىڭ زەر يىپ بىلەن تى-كىلگەن كېچىلىك كىيىمى ۋە مەيدىسىگە ئاسىدىغان كرېستىغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭا ئۇمۇ ئۆزىنى باسالماي كۆزىگە ياش ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلىدى.

شارل كەتتى.

بانكىر كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن، گراندې 80 فرانكلىق زايومدىن 100 مىڭنى سېتىۋېلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئومۇمىي ھېسابىغا رويخەتكە ئالغۇزۇپ قويدى. بۇ گۇمانخور قېرىنىڭ زايوم سېتىۋالغان شۇنچىلا پۇلنى پارىژغا قايسى يول بىلەن ئەۋەتكەنلى-كىنى ھەتتا ئۇ ئۆلۈپ مال - مۈلكىنى تىزىملاپ، رەت-لەپ چىققاندىمۇ بىلگىلى بولمىدى. گۇۋاھچى كرىيۇشو، پۇلنى پارىژغا ئېلىپ بېرىشتا نانېتا ئاڭسىز ھالدا ۋاستىلىك رول ئوينىغان دەپ قارايتتى. چۈنكى شۇ مەزگىللەردە ئۇ بەش كۈن يوقاپ كەتكەن بولۇپ، گويا

بوۋاينىڭ فرافوندا تېپىپ كەلمىسە بولمايدىغان بىر-
نەرسىسى چۈشۈپ قالغاندەك، ئۇنى شۇ يەرگە بىرنەرسە
ئالغىلى كەتتى، دېيىشكەندى، گېلموي گراندېنىڭ ئى-
شىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىشلىرى قېرى سوغىچىنىڭ
ئويلىغىنىدەك بولدى.

گراندې ئۆكىسىنىڭ قەرز ئىگىلىرىنى ياخشى
كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
قورغان تۇزىقىغا چۈشۈۋاتاتتى. قايتا ـ قايتا خەت يېزى-
شىش، مەسلىھەتلىشىشلەر ئارقىلىق سوميۇرادىكى گ-
راندې قارشى تەرەپنىڭ شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى قو-
بۇل قىلدى. مۇشۇنچىلىك يول قويۇشقا ئېرىشكەندىن
كېيىن، مۆتىدىللەر جاھىللارنى يۇمشىتىپ، ئاخىر
بىرپەس غۇدۇراشلاردىن كېيىن، ھەممەيلەن قولىرىدىكى
ھۆججەتلەرنى تۇگەل تاپشۇرۇشتى.

— نېمىدېگەن يامان ئادەم، — دېدى بىرسى دې. گراس-
سىنغا، — سىز بىلەن بىزنى ئوتتۇرىدا توپ قىلىپ
تېپىپ ئوينىتىدىغۇ بۇ.

گېلموي گراندې ئۆلۈپ 23 ئايدىن كېيىن، نۇرغۇن
سودىگەرلەر پارىژ بازارلىرىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ۋەزى-
يىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ، گراندېنىڭ قەرەلى توشقاندا
قايتۇرىدىغان قەرزنى ئۇنتۇپمۇ قېلىشتى ياكى بولمىسا،
بەربىر «قولىمىزغا تېگىدىغىنى ئاشۇ 47 پىرسەنتقۇ»
دېگەنگە ئوخشاش ئوي بىلەن جىمىپ كېتىشتى.

قېرى سوغىچى ئەزەلدىن ۋاقىتىنىڭ قۇدرىتىگە ئى-شىنەتتى ۋە ۋاقىت دېگەن شەيتان دەپ قوياتتى. ئۈچىن-چى يىلى قىشتا دې. گراسسىن گراندېغا خەت يېزىپ، قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىردا قالغان ئىككى مىليون 400 مىڭ فرانكنىڭ ئوندىن بىرىنى قايتۇرىدىغان بولسا، قەرز زايومىلىرىنى ياندۇرۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا قىلغان سۆزىنى يەتكۈزدى. گراندې ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئىنىمنى زىيان تارتقۇزۇپ، ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان گۇۋاھچى بىلەن ۋاستىچى ھازىر بەخىرامان يۈرمەكتە، ئۇلار كەڭ قورساقراق بولۇشى كېرەك ئە-مەسمۇ؟ بىز تەرەپنىڭ چىقىمىنى يەڭگىللىتىش ئۇ-چۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، ئۇلارنىمۇ پۇل چىقىرىشقا مەجبۇرلاش كېرەك، دېدى.

تۆتىنچى يىلى قىشتا قايتۇرىدىغان پۇلنىڭ سانى 120 مىڭ فرانك قىلىپ بېكىتىلدى. لېكىن ئاخىر گراندې تۆلىمىسە بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالغاندا، مال - مۈلۈكنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا مەسئۇل ئىككى كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، جىيەنىنىڭ ھىندىستاندا بېيىپ كەتكەنلىكىنى، ئاتىسىنىڭ قەرزلىرىنى تۈگەل قايتۇرماقچى بولغانلىقىنى، جىيەنى كەلمىگۈچە ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى.

بەشىنچى يىلىنىڭ قىش پەسلىدە قەرز ئىگىلىرى

تېخىچە «تۇگەل قايتۇرۇش» قا ئالدىنىپ يۈرۈۋاتاتتى. قېرى مەككار ئىچىدە كۈلۈپ، «تۇگەل قايتۇرۇش» دېگەن گەپنى پات ـ پات تىلغا ئېلىپ قوياتتى. ھەر قېتىم «بۇ پارىژلىقلارزە...» دېگەن سۆزنى قىلغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا زەھەرلىك كۈلكە پەيدا بولۇپ، ئىچىدە ئۇلارنى تىللايتتى. بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرقى تەرەققىياتى قەرز ئىگىلىرىنى باشقىدىن مەيدانغا چىقىشقا مەجبۇرلىغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى يەنىلا گراندې باشتا سىزىپ قويغان سىزىقتىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى.

زايومنىڭ باھاسى 115 فرانكقا كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن گراندې زايوملىرىنى بازارغا سېلىپ، پارىژدىن ئىككى مىليون 400 مىڭ فرانكلىق ئالتۇن ۋە زايومنىڭ 600 مىڭ فرانك ئۆسۈمىنى ئېلىپ كېلىپ مەخپىي خانىسىدىكى ياغاچ تۇڭغا تۆكتى. دې. گراسسىن پارىژدا قېپقالدى. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇ پارلامېنت ئەزاسى بولغانىدى؛ ئىككىنچىدىن، «مەلىكە تىياتىرخانىسى» دا ئىشلەيدىغان بولىن ئىسىملىك چىرايلىق بىر ئارتىسنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. كرىيۇشۇلار ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك قىلىپ، ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان دې. گراسسىننىڭ «تۇل» خوتۇننى تېخىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشتى، نەتىجىدە ئۇ قىزىنى ياتلىق قىلغاندا، توي ناھايىتى

قالايمىقان بىر توي بولدى، ئۇ يېڭىچە كېلىن قىلىش نىيىتىدىنمۇ يالتايدى. ئادولفا پارىژدا دې. گراسسىن بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرۈپ، ئائىلىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن كرېيۇشۇلار ئاخىر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

— سىزنىڭ ئېرىڭىز غەرەز ئۇقمايدىكەن، — دېدى گراندې دې. گراسسىن خانىمغا رەنە قويغان نەرسىسى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىۋېتىپ، — مېنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ، سىز ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ئايال ئىكەنسىز.

— شۇنى دېمەمسىز، ئەپەندىم، — دېدى بىچارە ئايال ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ئۇ شۇ كۈنى سىزنىڭكىدىن پارىژغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئۇنى بۈگۈنكىدەك يامان يولغا كىرىپ كېتىدۇ، دەپ كىم ئويلىغان دەيسىز؟!

— ئۈستىمىزدە تەڭرى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇنى تاكى ماڭىدىغان كۈنگىچە پارىژغا بېرىشتىن توسقان ئەمەسمىدىم!

شۇنىڭ بىلەن، دې. گراسسىننىڭ گراندېدىن ئاغرىنىدىغان يېرى قالمىغاندەك بولدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ گراندې خان قىزنىڭ گۈزەللىككە يېڭىچە گۈزەللىك قېتىلىشقا باشلىدى. بىر نەۋرە ئىنىسى كەلمەستە يېڭىكىنىنى بۇ ئالەمگە

تۆرىلىش بۇيرۇلمىغان مەسۇمەگە ئوخشاتقىلى بولسا، نەۋرە ئىنىسى كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بۇۋى مەريەم ئانىغا ئوخشاش يۇرىكىدە سۆيگۈ بار دېيىشكە بولاتتى، بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمىغان بۇ ئىككى بۇۋى مەريەم خرىستىئان دىنىدا ئەڭ كۆپ ئورۇننى ئىگىلە- گەن، ئەڭ شانلىق ئوبرازلار ھېسابلىناتتى. كەچتە ئۆزلىرىنى گراندې بوۋاينىڭ دوستلىرى دەپ ئاتىشى- ۋالغان بىرنەچچە ئادەم قارتا ئوينىغىلى كەلگەندە، يېۋ- گېنى ئۆز قايغۇسىنى ئۇلارغا بىلىندۇرمەي، ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولغان قىياپەتتە ئولتۇردى. يېۋگېنى ئانىسى ۋە نانېتا بىلەن توپتوغرا يېرىم كۈن شارلىنىڭ گېپىنى قىلىپ چىقتى. نانېتا يېۋگېنىيگە:

— ئەگەر بىرەر ئەر كىشى ماڭا چىن يۇرىكىدىن بېرىلىدىغان بولسا، مەن ئۇ... ئۇنىڭغا جېنىمنى بېرەت- تىم. ئۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىشكىمۇ رازى ئىدىم. بىراق... ماڭا ئۇنداق ئادەم يوق. مەن ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆلگۈچە بىلمەي ئۆتىدىغان ئوخشايمەن، كورناي بوۋاي ياخشى ئادەم، ئۇ ھازىر مېنىڭ ئەتراپىم- دىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم، ئۇمۇ مېنىڭ پۇ- لۇمنىڭ پېيىگە چۈشكەن، بۇنى تۇيۇپ يۈرۈۋاتىمەن. مېنىڭ چوشقىغا ئوخشاش سېمىزلىكىمگە قاراپ مېنى

كالۋا كۆرمىسۇن. بىراق خان قىز، ئۇنىڭ مېنىڭ پې-يىمگە چۇشۇشى مۇھەببەت ئۈچۈن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ-دىن خۇشالمەن.

ئىككى ئاي مۇشۇنداق ئۆتتۇپ كەتتى. ھەر كۈنى ئە-تىگىنى ۋە كەچتە، يېۋگېنىي شارل قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى قۇتىنى ئېچىپ، كىچىك ئاپىسىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ تۇراتتى. مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، يېۋگېنىي رەسىمگە قاراپ، شارلىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئولتۇرغاندا، ئانىسى ئۇ قۇتىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن گراندې خانىم شارل بىلەن يېۋگېنىينىڭ بىر-بىرىگە سوۋغات بېرىشكەن بۇ قۇر-قۇنچلۇق ئىشىدىن خەۋەر تاپتى.

— سەن ئۇنىڭغا ھەممە نەرسەڭنى بېرىۋەتتىڭ-مۇ؟ — ئانا قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۇنىڭدىن سورى-دى، — يېڭى يىل كۈنى ئاتاڭ ئالتۇنلىرىڭنى ئال، كۆ-رىمەن دېسە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟

يېۋگېنىي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قېتىپ قالغاندەك تۇ-رۇپلا قالدى. چۈشتىن بۇرۇن، ئانا-بالا ئىككىيلەن پۈ-تۈن يېرىم كۈننى قاتتىق ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە ئۆت-كۈزدى.

1820-يىلى يېڭى يىل، گراندې ناھايىتى خۇش ئىدى. سەۋەبى، ئۇنىڭ ھايانكەشلىك سودىسى ناھايىتى

ياخشى پايدا ئېلىپ كەلگەنىدى. دې. گراسسىن ئەپەندى پوچتا بېكىتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىر پەسىلدە 30 مىڭ فرانك ئۆسۈم ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. زايوم ئۆسۈپ 89 فرانكقا چىققان بولۇپ، گراندې ئىككى ئاي ئىچىدە قوشقان پې- يىدىن 12 پىرسەنت پايدا ئالغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يېرىم يىلدا ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ 50 مىڭ فرانك تاپاتتى، ئۇنىڭغا يا باج، يا باشقا ھەق تاپ- شۇرمايتتى. ئۇنىڭ ھېسابىچە، بەش يىل ئىچىدە، ھېچ- قانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا، ئۇنىڭ قولىدىكى پۇل دەسمايە ۋە ئۆسۈمى قوشۇلۇپ ئالتە مىليون فرانكقا يېتەتتى. ئۇنىڭغا يەر - زېمىنىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى قوشقاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى مال - دۇنيانىڭ سانى كە- شىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە باراتتى. نانېتاغا بېرىلگەن ئالتە فرانك بەلكىم ئۇنىڭ گراندېغا ئاڭسىز ھالدا قىلغان چوڭ ياردىمىنىڭ تاپان ھەققى بولسا كېرەك.

سائەت 11 دە تاماق يېيىلىپ بولۇپ، گراندې نانې- تانى چاقىردى.

— ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نېمىنى يىغىش- تۇرۇۋېتىپ، ئۇستەلنىڭ ئۆزىنى قالدۇرغىن، — ئارقىدىن يېۋگېنىيغا قاراپ دېدى، — شۇنداق بولغاندا سېنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىڭنى ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ كۆرەلەيمىز. قىزىم، گەپنىڭ راستى، ھازىر سېنىڭ

تولۇق بەش مىڭ 959 فرانك پۇلۇڭ بار. ئۇنىڭغا بۈگۈن ئەتىگەن ساڭا بەرگەن 40 فرانكنى قوشقاندا، جەمئىي بەش مىڭ 999 فرانك بولىدۇ، مەن يېنىمدىن يەنە بىر فرانك قېتىپ ئۇنى پۈتۈن قىلىۋېتەي، قوزام... ھەي نا-نېتا، نېمىدەپ بىزنىڭ گېپىمىزگە قۇلاق سالىسەن؟ ماڭ، چىقىپ ئىشىڭنى قىل.

نانېتا چىقىپ كەتتى.

— گېپىمگە قۇلاق سال، يېۋگېنى، ئالتۇنلىرىڭنى ماڭا بەرگىن، ئاتاڭنىڭ سۆزىنى يەرمايسەنغۇ — ھە، قوزام؟

ئانا ـ بالا ئىككىسى ئۈنچىقمىدى.

— مەندە ھازىر ئالتۇن يوق. بۇرۇن بار ئىدى، ھازىر قالمىدى. مەن ئالتۇنلىرىڭغا ئالتە مىڭ فرانك بېرىمەن، ئۇنى سەن قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرماي بازارغا تاشلا، تويلۇ-قۇمنىڭ پۇلى دەپ تۇرما، سېنى ياتلىق قىلىدىغان چاغدا — ئۇنىڭغىمۇ ئاز قالدى — يىگىتنى ئۆزۈم تاپى-مەن، ئۇ ساڭا مۇشۇ ئۆلكىدە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمى-غان، ھېچقايسى قىزغا بېرىپ باقمىغان تويلۇق پۇلى بېرىدۇ، ئوبدان قىزىم، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، ھازىر ياخشى بىر پۇرسەت بار، سەن ئالتە مىڭ فرانك پۇلۇڭغا زايوم سېتىۋالىدىغان بولساڭ، ھەر يېرىم يىلدا ئۇنىڭغا 200 فرانك ئۆسۈم ئالىسەن. ئۇنىڭغا يا سەندىن باج، يا

رېمونت پۇلى ئالمايدۇ. ئۇ سوغۇقتىن، يامغۇردىن، كەل-
كۈندىن قورقمايدۇ. قوزام، ئالتۇنلىرىڭنى قولۇڭدىن
چىقارغۇلۇق كەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ-ھە، ئۇنى ئېلىپ
ماڭا بەرگىن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ساڭا يەنە تىللا
يىغىپ بېرىمەن، گوللاندىيىنىڭ تىللاسى دەمسەن،
پورتۇگالىيىنىڭ تىللاسى دەمسەن، موڭغۇللارنىڭ رۇپى-
يىسى دەمسەن، خالىغىنىڭغا ئىگە بولىسەن. مۇشۇنداق
يىغىدىغان بولساڭ، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئاتاپ بەرگەنلى-
رىم بىلەن ئۈچ يىلغا قالماي، ئۆزۈڭنىڭ كىشىنىڭ
زوقىنى كەلتۈرگۈدەك خۇسۇسىي ئىگىلىكىڭنىڭ يېرى-
مىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالايسەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن،
ئوماق قوزام؟ بارغىن، قىزىم، ئۇ نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ
كىرگىن، مەن مۇشۇ گەپ بىلەن پۇلنىڭ قانداق تۇغى-
دىغانلىقىنى، قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى ساڭا ئېيتىپ
بەرگەن بولدۇم. سەن ماڭا ھەشقاللا ئېيتىپ، كۆزۈمگە
سۆيۈپ قويساڭ بولىدۇ! راستىنى ئېيتسام، پۇل ئادەمگە
ئوخشاش جېنى بار نەرسە، ئۇ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ،
كېلىدۇ، كېتىدۇ، تەر ئاققۇزىدۇ ۋە تۇغىدۇ.

يېۋگېنى ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىككە قاراپ بىر-
نەچچە قەدەم مېڭىپ، بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە،
ئاتىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئالتۇنلىرىم ھازىر يوق! — دېدى.

— ئالتۇنلىرىم هازىر يوق دېدىڭمۇ؟ — گىراندې خۇددى زەمبىرەك ئاۋازىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئاتتەك، ئىككى پۇتىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ ئورنىدىن دەرس تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق، يوق.

— ياق، مۇمكىن ئەمەس، يېۋگېنىي.

— راستىلا يوق، ئاتا.

— ھۇ... بوۋاڭنىڭ ئەرۋاھىغا... گىراندې ھەر قې-تىم مۇشۇ گەپنى ئېغىزىغا ئالغاندا، ئۆينىڭ تورۇسلىرى تىترەپ كېتەتتى.

— ۋاي تەڭرىم، خانىمنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتتى، — دەپ چۇقان سالدى نانېتا.

— تا، تا، تا، تا! بۇنىڭلىقتا ھېچقايسىڭ ئۆلمەيسەن. يېۋگېنىي، ئالتۇنلىرىڭغا نېمە بولدى؟ — دېدى گىراندې ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ قاتتىق ۋارقىرىغان ھالدا.

— ئاتا، ئەگەر سىز بەرگەن نەرسىلەرگە مەن ئى-گىدارچىلىق قىلالمايدىغان بولسام، ئۇنى مېنىڭدىن ئې-لىۋېلىڭ، — دېدى يېۋگېنىي ئاتىسىغا سوغۇققىنە جاۋاب بېرىپ، ئارقىدىن تام مەشىنىڭ ئۈستىدىن ناپولېئون تىللاسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

گىراندې تىللالارنى ئۇنىڭ قولىدىن ئاچچىقى بىلەن تارتىپ ئېلىپ ھەمىيىنىغا سالدى.

— سەن مېنى ماڭا يەنە بىر نېمە بېرىدۇ دەپ ئويـ.
لىما! ساڭا ئەمدى ھەتتا ماۋۇنىمۇ بەرمەيمەن، — دېدى ئۇ
باش بارمىقىنىڭ تىرنىقىنى ئوتتۇر چىشى بىلەن كاـ.
راسلىتىپ چىشلەپ تۇرۇپ، — سەن ئاتاڭنى كۆزگە
ئىلمايدىغان ئىشنى قىلماقچىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭغا ئىـ.
شەنمەيدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن ئاتىنىڭ نېمىلىـ.
كىنى بىلەمسەن؟ ئاتا دېگەن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇر.
مايدىغان بولسا ئاتىغا ئوخشىمايدۇ، ئالتۇنلىرىڭنى نەگە
يوقاتتىڭ؟

— ئاتا، سىز ماڭا مۇشۇنداق چېچىلىپ تۇرسىـ.
ڭىزمۇ، مەن سىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن، ھۆرمەتلەيـ.
مەن. لېكىن سىز مېنىڭ يۈرەكلىك تۇرۇپ قىلغان بىر
ئېغىز سۆزۈمنى كەچۈرۈڭ. مەن ھازىر 23 ياشقا كىرـ.
دىم، سىز دائىم مېنى ئەمدى چوڭ بولدۇڭ دەيتتىڭىز.
شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى ئۆزۈم ئىشلىتىشكە تېـ.
گىشلىك دەپ قارىغان يەرگە ئىشلەتتىم. سىز خاتىرجەم
بولۇڭكى، مەن پۇلۇمنى ناھايىتى مۇۋاپىق جايغا ئىشـ.
لەتتىم.

— نەگە ئىشلەتتىڭ؟

— بۇ مەخپىيەتلىكنى ئېيتىشقا بولمايدۇ. سىزـ.
نىڭمۇ ئۆز مەخپىيەتلىكىڭىز بار ئەمەسمۇ؟

— مەن دېگەن مۇشۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى، مېنىڭ



ئۆز ئالدىغا ئىشلىرىم بولمامدۇ؟

— بۇمۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— ھېچبولمىغاندا، ئۇ ئالتۇنلارنى ئۆيدىن قاچان ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىڭنى بولسىمۇ ئېيت.

يېۋگېنىي بېشىنى چايقىدى.

— تۇغۇلغان كۈنۈڭدە بار ئىدى، شۇنداقمۇ؟

يېۋگېنىينىڭ مۇھەببەت قوينىدا تاۋلىنىپ چىققان نادانلىقى ئاتىسىنىڭ خەسىسلىك ئىچىدە تاۋلىنىپ پىشىپ كەتكەن قۇۋلۇقىدىن قېلىشمايتتى.

ئۇ يەنىلا بېشىنى چايقىدى.

— مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ بۇنداق جاھىللىقنى، بۇنداق تەرسالىقنى كۆرمەپتىكەنمەن، — گىراندېنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆيلەرنى تىترىتىۋەتتى. مەشەدىن، مېنىڭ ئۆيۈمدىن سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭنى، بىزدە قېپقالغان شۇ ئازغىنە ئالتۇننى بىرسى كىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى مەن بىلمىسەم، بۇ قانداق بولغىنى، ئالتۇن دېگەن قىممەتلىك نەرسىغۇ! ئۇنى سەن چوقۇم بىرسىگە بېرىۋەتتىڭ، شۇنداقمۇ؟

يېۋگېنىي چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويمىدى.

— مەن سەندەك قىزنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان. مەن سېنىڭ ئاتاڭمۇ، ئەمەس؟ ئەگەر ئالتۇننى بىر يەرگە

ساقلاشقا بەرسەڭ، سېنىڭدە چوقۇم ئۇنىڭ ھۆججىتى بولىدۇ....

— مېنىڭ ئۇ پۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقۇم بارمۇ - يوق؟ زادى بارمۇ - يوق؟ ئۇ پۇل مېنىڭمۇ - ئەمەس؟

گراندېنىڭ قىزىغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ يەرگە تېپەتتى، تىللايتتى، قارغايتتى. ئاخىر ئۇ بىر گەپنى ئويلاپ چىقتى:

— ھۇ... بولۇمسىز مىجىمەرۇق! زەھەرلىك يىلان! مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمدىن پايدىلىنىپ خۇدۇڭنى بىلمەي، خىيالىڭغا كەلگەننى قىلىۋاتامسەن - ھە! ئۇنىڭدىن ئاتاڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭچۇ! سەن بىزنىڭ بارلىق بىساتىمىزنى ماراكەشنىڭ ئۆتۈكىنى كىيىدىغان ھېلىقى دىۋانىگە ئىككى قوللاپ بېرىۋېتىشتىنمۇ يانمايسەن. ئاھ، پەرۋەردىگار! ساڭا، سېنىڭ بىرەر نەۋرە ئىنىڭغا، بالىلىرىڭغا قارغىشىم تەگسۇن! سەن ئۇلاردىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەگەر سەن ئالتۇنلارنى شارلىغا بېرىۋەتكەن بولساڭ... ھىم، بۇ مۇمكىن ئەمەس. نېمە، ئۇيا - ئەڭلىكتىن نېرى كېتەلمەيدىغان ئۇ نائىنساب مېنىڭ پۇلۇمنى ئوغرىلىغۇدەك بوپتىمۇ؟...

ئۇ قىزىغا قارىدى، قىزى بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي

تېخىچە سوغۇق قىياپەتتە تۇراتتى.

— شۇنچە سۆزلىسە چىرايىڭ ئۆزگىرەيمۇ دېمەيدى-غۇ، گىراندېدىنمۇ ئۆتە گىراندېمۇ نېمە سەن؟ ئېيتقىنا، ھېچبولمىغاندا، ئۇ ئالتۇنلارنى بىكارغا بېرىۋەتمىگەن-سەن - ھە؟

يېۋگېنىي ئاتىسىغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ مازاق قى-لىۋاتقاندەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بوۋاينىڭ ئوغ-سىنى تېخىمۇ قايىنىتىۋەتتى.

— يېۋگېنىي، سەن بىزنىڭ ئۆيدە، يەنى ئاتاڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىسەن، ئەگەر سەن مۇشۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرىمەن دەيدىكەنسەن، ئاتاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك.

يېۋگېنىي بېشىنى تۆۋەن سالدى. گىراندې سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەن مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىيدىغان ئىشنى قى-لىپ مېنى رەنجىتىۋاتىسەن، ئەگەر سەن ماڭا باش ئەگمىسەڭ، سېنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈم كۆرمىسۇن! ھۇجراڭغا كىر، مەن سېنى سىرتقا چىقارمايمەن، ئەمدى ساڭا بېرىدىغىنىم سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق بولكا، ئۇنى ساڭا نانېتا ئەكىرىپ بېرىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ماڭ، ھۇج-راڭغا كىر!

گىراندې ئۇخلاپ قالدى. نانېتا يۇمشاق پوپۇش

كىيىپ تىۋىش چىقارماي يېۋگېنىيىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا قازاندا پىشۇرغان گۆش ناندىن بىرنى بەردى.

— خان قىز، — دېدى ئاق كۆڭۈل خىزمەت-كار، — كورناي ماگا دەپ ياۋا توشقاندىن بىرنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، شۇنىڭدا گۆش نان قىلىپ كىردىم، تا-مىقىڭىزمۇ كۆپ ئەمەس، مۇشۇ سىزگە سەككىز كۈن يېتىدۇ. مۇزلىتىپ قويىسىڭىز بۇزۇلماي ئوبدان تۇرىدۇ. قۇرۇق بولكىغا قارىغاندا مىلىك ياخشى. قۇرۇق بولكىغا ئادەم چىدامدۇ؟

بىرنەچچە ئايغىچە، بوۋاي كۈندۈزى دائىم بىقارار ۋا-قىتلاردا كېلىپ گراندې خانىمنى يوقلاپ تۇردى، لېكىن قىزىنى تىلغا ئېلىپ قويمايتتى، كىرىپ ئۇنى كۆر-مەيتتى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىمۇ قىل-مايتتى، گراندې خانىم ھۇجرىسىدىن چىقماي ياتاتتى، ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتاتتى. بى-راق قېرى سوغىچى ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا گرانت تاشقا ئوخشاش ئاجايىپ قاتتىق، ئاجايىپ رەھىم-سىز، ئاجايىپ سوغۇق ئىدى. ئۇ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە بازارغا چىقاتتى، ئۆيىگە كېلەتتى، سۆزلىگەندە ئەمدى كېكەچلىمەيتتى، سۆزىمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى. سودىدا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەر رەھىمسىزلىشىپ كەتمەكتە

ئىدى، ھېساباتتا خاتالىشىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ پات ـ پات چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— گراندېنىڭ ئۆيىدە بىر ئىش چىقتىمۇ ـ نې ـ مە، — دېيىشەتتى كرىيۇشۇلار بىلەن دې. گراسسىنلار.

— گراندېنىڭ ئۆيىدە زادى نېمە ئىش بولغان ـ دۇ؟ — مەيلى كىمنىڭ ئۆيىدىكى كەچلىك ئولتۇرۇشتا بولسۇن، سومىيۇرالىقلار بىر يەرگە يىغىلىسىلا بىر ـ بىرىدىن شۇنداق سورىشاتتى.

خوتۇنى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان تا، تا، تا، تا، تا دەي ـ دىغان ئادىتىنى تاشلىدى. خوتۇنىنىڭ مۇلايىم پەرىشتى ـ دەك چىرايىدىكى نۇقسانلار كۈندىن ـ كۈنگە يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى روھىي گۈزەللىك ئىگىلەشكە باشلاۋا ـ تاتتى. لېكىن ئۇنىڭ شۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىپمۇ گراندې مۇستەبىتلەرچە ئۆكتەملىكىدىن قالاي دېمەيتتى.

خۇداغا قىلىۋاتقان تۇۋىسىنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈزىدىكى چوڭقۇر سىزىقلار يوقىلىپ، سىلىقلىشىپ خېلى نۇرلىنىپ قالغانىدى، بۇ ئايالنىڭ چىرايىدىكى ئازاب ـ كۈلپەتنى يەتكۈچە تارتىپ بولغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر باغرى قاتتىق قېرى سوغىچىغا ئازراق بولسىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ ئىل ـ گىرىكىدەك قاتتىق چېچىلمايتتى، بىر ئېغىز گەپ

قىلماي، ئۆزىنىڭ ئائىلە باشلىقلىق سالاپىتىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

گراندې خانىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەشۋىش ئۇنى كېسەللىكىدىنمۇ بەكرەك ئازابلاۋاتاتتى. ئۇ تەگرىدىن تىلەپمۇ ئاتا ـ بالىنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر باش باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچتە، يۈرىكىدىكى دەردنى ئىككى كرىيوشوغا تۆكتى.

ــ 23 ياشلىق بىر قىز بالىنى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا سوغۇق سۇ، قۇرۇق بولكا بىلەن جازالىغان قانداق گەپ... ــ دېدى سوت باشلىقى دې. بونفون قايناپ، ــ بۇ ئەركىنلىكنى بوغقانلىق، جىسمانىي زىيانكەشلىك، يېۋگېنې ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلسۇن، بىرىنچى...

ــ ھەي جىيەنىم، ــ دېدى گوۋاھچى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، ــ سوتتا قىلىدىغان سۆزلىرىڭنى بۇ يەردە قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ خانىم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەتە بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى نەزەربەندتىن قۇتقۇزىمەن.

يېۋگېنې ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھۇجرىسىدىن چىقتى ـ دە، ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، مەردانىلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

ــ مۆھتەرەم جانابلار، ئەڭ ياخشىسى، سىلەر بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭلار، مېنىڭ ئاتام مۇشۇ ئائىلىنىڭ

خوجايىنى، مەن ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئىكەنمەن، ئۇنىڭغا ئى-
تائەت قىلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقىلارنىڭ
قولىلىشى ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى ھاجەتسىز. ئۇ-
نىڭ ئۇستىدىمۇ پەرۋەردىگار بار. ماڭا كۆڭۈل بۆلسەڭلار،
بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭلار. ئاتامنى ئەيىبلەش بىزنى ھاقارەت
قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. جانابلار، سىلەرنىڭ ماڭا
كۆرسىتىۋاتقان غەمخورلۇقۇڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تە-
شەككۇر بىلدۈرىمەن؛ ئەگەر شەھەردە ئېقىپ يۈرگەن
كىشىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدىغان سۆز - چۆچەكلەرگە
يول قويماي، ئۇنى توسالىغان بولساڭلار، سىلەرگە
ھەسسىلەپ تەشەككۇر ئېيتقان بولاتتىم.

— خان قىز، ئېقىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەرنى
توسۇشنىڭ ياخشى چارىسى سىزنىڭ ئەركىنلىككە چى-
قىشىڭىز بولىدۇ، — دېدى گۇۋاھچى. نەزەربەند، غەم -
قايغۇ ۋە سېغىنىش يېۋېگېنېغا يېڭىچە گۈزەللىك بې-
غىشلاپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغانىدى.

— قىزىم، بۇ ئىشنى كىريۇشۇ ئەپەندىگە تاپشۇرغىن.
ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئامالى بار. ئۇ ھەم ئاتاڭنىڭ مىجەزى
بىلەن تونۇش، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىمۇ بىلىدۇ. مې-
نىڭ بىرنەچچە كۈنلۈكۈملا قالدى، ئاپام ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرىدىكى مۇشۇ كۈنلەرنى خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام
ئۆتكۈزسۇن دېسەڭ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئاتاڭ

بىلەن يارىشىپ قال.

ئىككىنچى كۈنى، گراندې يېۋگېنىيىنى نەزەربەند قىلىپ قويغاندىن كېيىنكى ئادىتى بويىچە باغقا كىرىپ، باغنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ باغدا يۈرگەن ۋاقتى دائىملا يېۋگېنى چېچىنى تاراۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالاتتى. بوۋاي يوغان ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا ئالدى ـ دە، قىزىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىغا قاراپ بىردەم تۇردى. بەلكىم مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىل مىجەز بىلەن كىرىپ قىزىنى سۆيۈپ قويۇش ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدا دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك.

— خىزمىتىڭىزدە بولاي، گۇۋاھچى ئەپەندىم، — دېدى بوۋاي كرېيۇشۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ.

— سىز بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى ئىدىم.

— بەللى، بەللى، ماڭا تېگىشىپ بېرىدىغانغا تىللا ئېلىپ كەلگەنمىدىڭىز؟

— ياق، ياق، پۇل توغرۇلۇق ئەمەس، يېۋگېنىيىنىڭ ئىشى بىلەن كېلىۋىدىم. ھازىر تالادا سىز بىلەن قىزىڭىزنىڭ ئۈستىدە غۇلغۇلا تولا.

— ئۇلارنىڭ نېمە كارىكەن؟ «ئەرزىمەس كۆمۈرچى ئۆز ئۆيىدە خان» دېگەن سۆز بارغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، كۆمۈرچى ئۆز ئۆيىدە نېمە قىلسا قىلالايدۇ، ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋالالايدۇ، پۇلىنى دېرىزىدىن تالاغىمۇ تاشلىۋېتەلەيدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ھەي، خانىمىڭىزنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىر، دوستۇم! فېزلىن دوختۇرنى چاقىرتىپ كۆرسىتىپ باق-سىڭىز بولاتتى. خانىمىڭىز جان ھەلەكچىلىكىدە قاپتۇ، ئۇنى ئوبدان داۋالىتىپ ساقايتمايدىغان بولسىڭىز، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋىجدانىڭىز چوقۇم ئازابلىنى-دۇ، جۇمۇ.

— تا، تا، تا! مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلىدىغاندەكلا سۆزلەيسىزغۇ، دوختۇرلار دېگەن بوسۇغىڭىزدىن ئاتلاپلا قالىدىغان بول-سا، كەشى چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك كېلىۋېرىدۇ.

— بوپتۇ، گراندې، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ. بىز كونا ئاغىنە؛ سىزگە پۈتۈن سومىيۇرادا مەندەك كۆيۈنى-دىغان ئادەم يوق، شۇڭا سىزگە بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ قوياي دېگەنىدىم، مەن يالغۇز بۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلمە-گەن. بۇنىڭدىن باشقا سىزگە تېخىمۇ ئېغىر كېلىدىغان يەنە بىر ئىش بار. سىزدە خانىمىڭىزنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان نىيەتتۇ يوقتۇ دەيمەن. خوتۇنى-ڭىزنىڭ سىزگە پايدىسى كۆپ. ئەگەر ياخشى كۈننىڭ

يامىنى بولۇپ ئايالىڭىز كۆز يۇمسا، قىزىڭىزنىڭ ئالـ
دىدا قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ
بېقىڭ. سىز يېۋگېنىيگە پۈتۈن بايلىقىڭىزدىن ھېساب
بېرىشىڭىز كېرەك، چۈنكى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلارنىڭ
بىساتى ئايرىلمىغان ـ دە، قىزىڭىز سىزدىن ئىگىلىكنى
ئايرىپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق. ئۇ چاغدا ئۇ سىزنى فرافون
قورۇقىنى سېتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئا-
نىسىنىڭ بىساتىغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ، ئەمما خانىمى-
ڭىزنىڭ بىساتىغا سىز ۋارىسلىق قىلالمايسىز.

بۇنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ قانۇننى تىجارەتنى بىلگەندەك پىششىق بىلـ مەيتتى.

— بىراق سىز ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلەمسىز، كرىيۇشو؟

— نېمە ئىش قىلدى؟ — گوۋاھچى گراندېنىڭ قورسىقىدىكى گەپنى ئاڭلاشقا بەك قىزىقاتتى، شۇڭا بۇ قېتىمقى جېدەلنىڭ نېگىزىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇ- نىڭدىن سورىدى.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇنلىرىنى بىرسىگە بېرىۋېتىپ- تۇ.

— ئۇ ئالتۇنلار ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەمەسمىدى؟ — دەپ سورىدى گوۋاھچى.

— ھەي، ھەممىسىلا شۇ گەپنى قىلىشىدىغۇ، — بوۋاي ئىچى ئېچىشقاندەك بولۇپ كەتتى.

— سىز مۇشۇ تېرىقچىلىك ئىش ئۈچۈن، خانىمىڭىز ئۆلگەندىن كېيىن، قىزىڭىزدىن ئۆزىڭىزگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلىشنى خالىمامسىز؟

— ئالتە مىڭ فرانكلىق ئالتۇننىڭ ئىشى تېرىقچىلىك ئىشمۇ؟

— دوستۇم، مال ـ مۈلۈكنى تىزىملاش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئەگەر قىزىڭىز ئىگىلىكنى ئايرىيمەن دېسە قانداق قىلىسىز؟

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— 200 مىڭ، 300 مىڭ ياكى 400 مىڭ! بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش تەس. ئەمەلىي مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ھەممە بىساتنى سېتىش كېرەكلىكىنى بىلەمسىز؟

— دادىسىنىڭ ئەرۋاھىغا، — قېرى سوغىچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ ئولتۇرۇپلا قالدى، — كېيىن بىر گەپ بولار، كۆرۈشۇ.

بىردەملىك سۈكۈت ياكى بىردەملىك ئازابلىق جان تالىشىشتىن كېيىن، بوۋاي گۇۋاھچىغا قاراپ:

— تورمۇش تولىمۇ رەھىمسىز، تولىمۇ ئەلەملىك ئىكەنغۇ، — دېدى ۋە ئارقىدىن يەنە جىددىي تەلەپپۇزدا

سۆزىنى داۋام قىلدى، — كرىيوشۇ، مېنى ئالدىمايدىغان-سىز، بايا دېگەنلىرىڭىزنىڭ قانۇنىي ئاساسى بار سۆزلەر ئىكەنلىكىگە ئالدىمدا قەسەم ئىچىپ بېرىڭ! «خەلق ئىشلار قانۇنى»نى ماڭا كۆرسىتىڭ، مەن ئۇنى كۆرەي.

— دوستۇم، بۇ مېنىڭ كەسپىم تۇرسا، مەن بىل-مەيمەنمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، شۇ سۆزلىرىڭىز راستىمۇ؟ بۇ گېپچە قىزىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ھەممىنى بۇلاپ - تالاپ، ھەممە نېمىنى يەپ تۈگىتىدىكەن - دە.

— ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭلا مىراسىغا ۋارىسلىق قى-لالايدۇ.

— ئۇنداقتا، قىز باققاننىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى؟ ئاھ، مېنىڭ قەدىنىسىم، مەن سېنى ياخشى كۆرەتتىم-غۇ، تەلىيىمگە تىمەن تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن دې. لا. بېرتېلېرنىڭ قىزى - دە.

— ئۇنىڭ ئۆمرى بىر ئايغا بارمايدۇ.

— قېرى سوغىچى ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى ئۇرغى-نىچە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئاخىردا قورقۇنچلۇق پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كرىيوشۇغا تىكىپ، ئۇنىڭدىن:

— ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— يېۋگېنىي ئانىسىنىڭ بىساتىغا ۋارىسلىق قى-لىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچسە بولىدۇ. سىز ئۇنى ۋا-رىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالى-مايسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ بىراق سىز خوتۇنىڭىزدىن قالغان مىراسقا ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز، ئۇ چاغدا يېۋگېنىيگە ئۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىز كې-رەك. دوستۇم، سىزگە ئېيتىۋاتقان مۇشۇ گەپلىرىمنىڭ مەن ئۇچۇن ھېچقانداق پايدىسى يوق. مەن نېمىگە تايى-نىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم؟... مال ـ مۈلۈكنىڭ ھېسابىنى ئېلىش، تىزىملاش، كىمئارتۇق قىلىپ سې-تىپ بېرىش، مىراس ئايرىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارغا تايىنىپ ئەمەسمۇ؟

— كېيىنچە بىر گەپ بولار، كېيىنچە بىر گەپ بولار، بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، كرىيۇشۇ، بۇ سۆزلى-رىڭىز بىلەن كاللامنى قوچۇۋەتتىڭىز. قولىڭىزغا ئال-تۇن چۈشتىمۇ؟

— ياق، بىراق مەندە قەدىمكى تىللالاردىن ئون نەچچىسى بار، ئۇلارنى سىزگە بەرسەممۇ بولىدۇ. جېنىم دوستۇم، يەنىلا يېۋگېنىي بىلەن يارىشىپ قېلىڭ، بى-لەمسىز، ھازىر پۈتۈن سومىيۇرا سىزنى ئەيىبلەۋاتىدۇ.

— لەنىتى ئىپلاسلار!

— ھازىر زايومنىڭ نەرخى 99 فرانكقا كۆتۈرۈلدى.

— 99 فرانك دەمسىز، كرىۋشو؟

— شۇنداق.

— پاھ، پاھ! 99، — بوۋاي شۇ سۆزنى تەكرارلى-غىنىچە گۇۋاھچىنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ گادىرماش بولۇپ كەتكەن كاللىسىنى سەگىتىپ كې-لىش ئۈچۈن ئۇزۇمزارلىقتا قاراپ تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى. بۇ يىل گراندې 76 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بايلىققا بارغانسېرى قاتتىق بېرىلىپ، كۈندىن - كۈنگە خەسىسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بېخىل، نەپسانىيەتچى ۋە قارا نىيەت ئادەملەر شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنى مەلۇم بىر خىل يېتەكچى ئىدىيىگىلا بېغىشلايدىغان بارلىق كىشىلەرنى كۆزىتىشتىن قارى-غاندا، ئۇنىڭ ھېسسىياتى شەھۋانىي نەپسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغانلارنىڭ مەلۇم بىر خىل سىمۋولى ئىدى. كۆرگەنلا ئالتۇننى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش گراندې ئۈچۈن خۇمار ئىدى. ئۇ قانچە بېخىللاشقانسېرى شۇنچە زوراۋانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر خوتۇنى ئۆلۈپ، مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى، ھەتتاكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى بولسىمۇ قولىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنى ئۆزى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قېلىش ئۇنىڭ ئۈ-چۈن زادىلا ئەقلىغا سىغمايدىغان ئىش بولاتتى. بۇ قانداق گەپ؟ قىزىنىڭ مال - مۈلكىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ

كۆچمە مۈلكى بىلەن كۆچمە مۈلكىنىڭ بارلىقىنى بىر يولىلا تىزىملىتىپ كىمئارتۇق قىلىپ ساتسۇنمۇ؟...

— بۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ باغدا ئۈزۈم تەكلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە.

ئاخىر ئۇ بىر قارارغا كەلدى - دە، كەچلىك تاماقتا ئۆلگۈرۈپ سومىيۇراغا قايتىپ كەلدى. ئۇ تاكى ئۆلگۈچە ئۆزىنىڭ ئائىلە باشلىقلىق نوپۇزىنى ساقلاپ، بىرنەچچە مىليونلۇق مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تا ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن يېۋگېنىگە باش ئېگىپ، خۇشامەت قىلماقچى بولىدى. بوۋاي شۇ ئويلار بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇستۈنكى قەۋەتكە چىقتى.

بۇ چاغدا يېۋگېنىي ھېلىقى نەپىس - كۆركەم پەرداز قۇتىسىنى قويۇپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ، ئانىسى بىلەن بىللە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، شارلىنىڭ ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى شارلىغا سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنىڭ پېشانىسى، ئاغزى شارلىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، — دېدى يېۋگېنىي. ئۇ مۇشۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا گراندېي ئىشىكنى ئېچىپ ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. گراندېي خانىم ئېرىنىڭ ئالتۇن قۇتىغا يەۋەتكۈدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى:

— يا پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!

بوۋاي پەرداز قۇتىسىغا خۇددى ئۇخلاۋاتقان بوۋاققا ئېتىلغان يولۋاستەك ئېتىلدى.

— نېمە بۇ؟ — دېدى بوۋاي قىممەتلىك قۇتىنى قولىغا ئېلىپ دېرىزىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ، — ئوھوي، ساپ ئالتۇنغۇ بۇ، ئالتۇن! نېمانچە كۆپ ئالتۇن بۇ، توپتوغرا بىر كىلوگرام كېلىدۇ، شارل بۇنى سېنىڭ چىرايلىق تىللالىرىڭغا تېگىشىپ بېرىپتىكەندە، شۇنداقمۇ؟ نېمىشقا ماڭا بالدۇر دېمەيسەن؟ بۇ سوداڭ يامان ئەمەس بوپتىكەن قوزام، مېنىڭ قىزىم-دە سەن، ئەمدى چۈشەندىم.

بوۋاي ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

يېۋگېنىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. بوۋاي يەنە:

— بۇ شارلنىڭ نەرسىسىغۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنى قىستاپ.

— شۇنداق ئاتا، مېنىڭ ئەمەس. بۇ ئامانەت نەرسە، زادى چېقىلغىلى بولمايدۇ.

— ماڭ، ماڭ! ئۇ سېنىڭ مۈلكۈڭنى ئېلىۋالغان ئىكەن، ئۇنى ئەلۋەتتە قايتۇرۇش كېرەكتە.

— ئاتا...

گراندې ئالتۇندىن كىچىككىنە كېسىپ كۆرۈپ

باقماقچى بولۇپ، قۇتىنى ئورۇندۇق ئۈستىگە قويدى ــ دە، يېنىدىن قەلەمتىراچ چىقاردى. يېۋگېنىي قۇتىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئېتىلىپ بېرىۋىدى، قېرى سوغىچىنىڭ كۆزى قىزى بىلەن قۇتىدا بولغاچقا، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. يېۋگېنىي ئانىسىنىڭ كارىۋىتىغا ئوڭدىسىغا يىقىلدى. گراندېي قەلەمتىراچ بىلەن ئالتۇننى قىرماقچى بولدى.

يېۋگېنىي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلدى ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

ــ ئاتا، بۇۋى مەريەم ئانىمىزنىڭ، خرىستوسنىڭ، بارلىق مۇقەددەس ئەۋلىيالارنىڭ يۈزى ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنىڭ گۇناھكار بولماسلىقىڭىز ئۈچۈن، مېنىڭ ھاياتىم ئۈچۈن بۇنىڭغا چېقىلمىسىڭىز. بۇ قۇتا سىزنىڭ ئەمەس، مېنىڭمۇ ئەمەس، بېشىغا كۈن چۈشكەن تۇغقىنىمىزنىڭ، ئۇ بۇنى ساقلاپ بېرىشكە بەرگەن، مەن بۇ قۇتىنى ئۇنىڭغا ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك.

ــ ساڭا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەن بولسا، نېمىشقا ئۇنى ئېلىپ كۆرسەن؟ بۇنى كۆرۈش بۇنىڭغا چېقىلمىشتىنمۇ يامان.

ــ ئاتا، بۇنىڭغا تەگمەڭ، بولمىسا مېنى ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىپ قويىسىز. ئاتا ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ئاتا، — يېۋگېنىي قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن نانىيتا ھۇجرىغا يۈگۈرۈپ كىردى. يېۋگېنىي قولىغا پىچاق ئېلىۋالدى.

— ئاتا، پىچىقىڭىز قۇتىغا تەگكەن ھامان، مانا مۇشۇ پىچاقنى ئۆزۈمگە سېلىپ، جېنىمدىن جۇدا بولىمەن. سىز ئاپامغا زۇلۇم سېلىپ جېنىنى ئارانلا قويدىڭىز. ئۇنى ئاز دەپ قىزىڭىزنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز، بولدى، ھەممىمىز بىراقلا تۈگىشەيلى!

گراندې پىچىقىنى قۇتىغا تەڭلەپ تۇرغىنىچە، ئارىسالدىلىق ئىچىدە قىزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇ، دېگەن سۆزىدىن يانمايدۇ، بېگىم! — دېدى نانىيتا، — تەقسىر، ئۆمۈرلىرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇنىڭغا يول قويسىلا.

قېرى سوغىچى بىر ئالتۇن قۇتىغا، بىر قىزىغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاڭغىچە گراندې خانىم ھوشىدىن كەتتى.

— بېگىم، قارىسىلا، خانىم بولالماي قالدى، — دەپ توۋلىۋەتتى نانىيتا.

— ۋاي قىزىم، كىچىككىنە بىر قۇتا ئۈچۈن خاپا بولۇشۇپ يۈرسەك بولماس، مە، ئال! — قېرى سوغىچى قۇتىنى ئىتتىكلا كارىۋاتقا تاشلىدى، — نانىيتا، سەن بېرىپ فېژلىن ئەپەندىنى چاقىرىپ كەل! ئەمدى بولدى

قىلغىن، ئانىسى، ھېچ گەپ يوق، بىز يارىشىپ قالايلى، — شۇنداق دەپ ئۇ ئايالىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويىدى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، ھە، قوزام، ئەمدى قۇرۇق بولغا يېمەيسەن، كۆڭلۈڭ تارتقان نېمىنى يېگىن... ئاھ... خۇداغا شۈكرى، ئۇ كۆزىنى ئاچتى. بولدى قىلغىن، ئانىسى، بولدى قىلغىنا، قارا! مەن يېۋېگىنىنى باغرىمغا باستىم، ئۇ بىر نەۋرە ئىنىسىنى ياخشى كۆرگەن بولسا بوپتۇ، ئۇنىڭغا تېگىمەن دېسە تەگسۇن، ئۇنىڭ قۇتىسىنى ساقلاپ بەرسۇن، ئەمما سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، خاتىرجەم ياشاۋەرگىن، بىچارە ئانىسى، مەن سەن ئۇچۇن سومىيۇرادا ھېچكىم ئۆتكۈزۈپ باقمىغان كاتتا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.

— توۋا، سىز خوتۇنىڭىز بىلەن قىزىڭىزغا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانسىز؟ — دېدى گراندې خانىم زەئىپ ئاۋازدا.

— ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن، ئىككىنچى! — دېدى قېرى سوغىچى، — كۆرۈپ قالارسەن، بىچارە ئانىسى.

ئۇ مەخپىي خانىسىغا چىقىپ كېتىپ، بىر سىقىم تىللا كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ئۇنى كارىۋات ئۇستىگە چاچتى.

— بۇنى سىلەرگە بەردىم، — دېدى ئۇ كارىۋاتتىكى

تىلىلالارنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — ئانىسى، ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋېتىپ، چاپسانراق ساقايـ. غىن، ساڭا نىمە دېسەڭ بېرەي، يېۋگېنى، ساڭىمۇ شۇنداق، قارا بۇ 100 تىلىلانى ئۇنىڭغا بەردىم. سەن بۇنى خەققە بېرىۋەتمەيدىغانسەن ـ ھە، يېۋگېنى؟

گراندې خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە قارىـ. شىپ قويدى.

— ئاتا، پۇلىڭىزنى ئېلىڭ، بىزگە سىزنىڭ مېـ. ھىر ـ مۇھەببىتىڭىزلا كېرەك.

— توغرا، بۇ دېگىنىڭ توغرا، — دېدى ئۇ تىلىلاـ. لارنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.

گراندې خوتۇنىنىڭ تېز ساقىيىپ كېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆلۈپ تارتىپ قالسا، ئۇنىڭ مىراسىنى تىزىملىتىشقا توغرا كېلەتتى، گەرچە گراندې ئانا ـ بالا ئىككىسىگە ھەر ۋاقىت ئۇلارنى ھەيـ. ران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ياخشىچاقلىق قىلغان، يېۋـ. گېنى ئانىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلماي، گراندې خانىم ئوروۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

1822 ـ يىلىنىڭ 10 ـ ئېيىغا كەلگەندە، گراندى

خانىمىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، پەرىشتىلەردەك سەۋر ـ تاقىتى ۋە قىزىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئادەتتىن تاشقىرى نۇر چېچىپ چاقناشقا باشلىدى. ئۇ ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ ئاغرىنىش ـ رەنجىش ساداسىنى چىقارماي، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بىردىنبىر كۆڭلى تارتىشىدىغىنى ئۆزىنىڭ كۆ- ڭۈلسىز ھاياتىدىكى ھەمراھى ئىدى، ئۇ ئەڭ ئاخىردا كۆزىنى قىزىغا تىكىپ، گويا قىزىنىڭ كەلگۈسىدىكى شۇم تەقدىرىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلدى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بۇ پاك قوزىنى نەپسانىيەتچىلىك بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىغا يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسا، پۈتۈن تې- نىنى تىترەك باساتتى.

— قىزىم، — دېدى ئۇ جان ئۈزۈشتىن ئاۋ- ۋال، — بەخت پەقەت ئۇ دۇنيادا، بۇنى سەن كېيىن بى- لىپ قالىسەن.

ئانىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، يېۋگېنى دادامنىڭ كۆڭلىنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن دەپمۇ ئويلىدى، چۈنكى دادىسى ھازىر ئۇنىڭغا شۇنداق مۇلايىم، شۇنداق كۆيۈمچان بولۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇ يېۋگېنىنى يۆلەپ چۈشلۈك تاماققا ئېلىپ كىرەتتى، چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارايتتى،

قىزىغا خۇددى ئالتۇندىن قۇيۇلغان ھەيكەلگە سەپسالغاندەك سەپسالاتتى. قېرى سوغىچى دائىم قىزىنىڭ ئالدىدا تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، نانېتا بىلەن كرىيۇشۇلار ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتكەن ئوخشايدۇ دېيىشەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بەزى ئەزالىرى ئىشتىن چىققانمىكىن دەپمۇ ئەنسىرىشەتتى. لېكىن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر قارىلىق تۇتىدىغان كۈنى، كەچلىك غىزادىن كېيىن، بوۋاينىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىردىنبىر كىشى بولغان گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنىڭ جاۋابى چىقتى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىك مەھكەم تاقالدى، ئاندىن بوۋاي يېۋگېنىيگە:

— جېنىم قىزىم، ئەمدى سەن ئاناڭنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇپ قالدىڭ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قىلىشقا تېگىشلىك كىچىككىنە بىر ئىش بار، شۇنداقمۇ، كرىيۇشو؟

— شۇنداق.

— بۈگۈندىن قالسا بولمامدۇ، ئاتا؟

— بولمايدۇ، قوزام. ئىشنى كەينىگە سۈرۈۋېرىپ ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچىلىكىم يوق. مېنىڭچە، سەن ئاتاڭغا جاپا سېلىشنى خالىمايدىغانسەن، شۇنداقمۇ؟

— مېنى نېمە قىل دېمەكچىسىز؟

— بىراق، بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، بىرىنىڭ كىرىۋشۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈڭ.

— خانقىز، ھۆرمەتلىك ئاتىڭىز سىزنىڭ بىساتىڭىزنى بۆلۈۋېلىشنى خالىمايدۇ، كىمئارتۇق قىلىپ سېتىشنىمۇ خالىمايدۇ، غايەت زور باج ئۈچۈن نەق پۇل تۆلەشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا سىز ھازىر ئاتىڭىز بىلەن ئىككىڭلارغا تەئەللۇق بولغان ئورتاق مال ـ مۈلۈكنى تىزىملىتىشتىن ۋاز كېچىشىڭىز كېرەك....

— بىراق، كىريۇشۇ ئەپەندىم، زادى مېنى نېمە قىل دېمەكچىسىز؟ — تاقەتسىزلىنىپ سورىدى يېۋگېنىي.

— سىز مۇنۇ ھۆججەتكە قول قويۇپ، ئانىڭىزنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىڭىزنى، ئاتىڭىز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئورتاق مۈلكىنى تامامەن ئاتىڭىزنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىسىز. ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىملارنىڭ ھەممىسى ئاتىڭىزنىڭ بولىدۇ. سىزگە پەقەت نامدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىلا قالىدۇ.

— سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى يېۋگېنىي، — ھۆججىتىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ، قېنى قەيەرگە قول قويسام بولىدۇ؟

گراندې نەزەرىنى تىنماي ھۆججەتتىن قىزىغا،

قىزىدىن ھۆججەتكە ئاغدۇراتتى ۋە تۇرۇلگەن پېشانىسى-دىن تەپچىپ چىقىۋاتقان تەرلىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا سۈرتۈپ تۇراتتى.

— قىزىم، بۇ ھۆججەتنى ئەنگە ئالدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئەگەر سەن ئاناڭ رەھمەتلىكنىڭ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن شەرتسىز ۋاز كەچسەڭ ھەمدە ئۆزۈڭنىڭ كېلەچىكىنى ماڭا پۈتۈنلەي تاپشۇرساڭ، سەندىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولغان بولاتتىم. مەن ساڭا ھەر ئايدا 100 فرانك بېرىپ تۇرىمەن. ئۇ چاغدا چېركاۋغا كۆندە بارساڭمۇ، قانچىلىك سەدىقە بەرسەڭمۇ مەيلىڭ ئۆزۈڭنىڭ.... ھىم، ئېيىغا 100 فرانك، بولامدۇ؟

— قانداق قىلىمەن دېسىڭىز، شۇنداق قىلىڭ، ئاتا.

— خانىقىز، — دېدى گوۋاھچى، — مەن مەسئۇلدېيىتىم بويىچە سىزگە شۇنى دەپ قوياي، بۇنىڭدا ئۆزدىڭىزگە ھېچنېمە قالمايدۇ....

— ۋاي توۋا، — دېدى قىز ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنىڭغا نېمە يوق گەپنى قىلىپ يۈرىسىز، كرىيوشو، گېپىمىز گەپ، ھە، قوزام، — دېدى گراندې يېۋگېنىيېنىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇرۇپ قويۇپ، — سەن دېگەن گېپىڭدىن يېنىۋالمايدىغانسەن - ھە،

سەن ۋەدەڭدە تۇرىدىغان قىزغۇ، شۇنداقمۇ؟

ئۇ قىزنى شۇنچىلىك قاتتىق ۋە قىزغىن قۇچاق-لىدىكى، يېۋگېنىي دەم ئالالماي قالدى.

— بولدى، قىزىم. سەن ماڭا يېڭىدىن هايات بەر-دىڭ، مەن سەندىن نىجات تاپتىم، لېكىن ساڭا شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، سەن بۇ هەرىكىتىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سەندىكى قەرزىمنى قايتۇردۇڭ، ئىككىمىز ئال-مىغان ـ بەرمىگەن بولدۇق. مانا بۇ خالىس سودا بولدى. ئىنساننىڭ هاياتى مانا مۇشۇنداق سودا، ساڭا بەخت تى-لەيمەن، سەن ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئاتاڭغا ۋاپادار قىز. ئەمدى سەن نېمە قىلىمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ.

— ئەتە كۆرۈشەيلى، كرىيۇشۇ، — دېدى ئۇ هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرغان گۇۋاهچىغا قاراپ، — سىز سوت كاتىپىقا دەپ، بىر پارچە ۋاز كېچىش هۆججىتىنى تەي-يارلاپ قويۇڭ، سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

بوۋاي تېخى تىمەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىشنىڭ لا-زىملىقىنى هېس قىلىپ يەتتى. ئۇ ئۇدا ئىككى يىل يېۋگېنىيگە غىزا بۇيرۇتۇشنىڭ، قەرزدارلاردىن قەرز سۈيلەپ ئۇنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتى، ئۇ يەنە ئاستا ـ ئاستا ئېكىنزارلىقنىڭ، ئۈزۈمزارلىقنىڭ نامىنى ۋە كۆلىمىنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

ئۇچىنچى يىلى، ئۇنىڭ خەسسلىكى قىزىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم، يۈرەكلىك ھالدا ئامبارنىڭ ئاچقۇچىنى قىزىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى ئۆيىنى رەسمىي باشقۇرىدىغان قىلدى. بەش يىل شۇ قىلىپتا ئۆتتى، 1827 ـ يىلى، ئۇنىڭ ئاتىسىنى قېرىلىق ئېزىشكە باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىغا ئىلاجىسىز يەر مۈلۈكنىڭ سىرىنى بىلدۈردى. قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە گوۋاھچى كرىيۇشۇدىن ئەقىل سوراشنى ئېيتتى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، 82 ياشقا كىرىپ قالغان گراندې پالەچ بولۇپ قىلىپ، كېسىلى تېزلا ئېغىرلاپ كەتتى. يېۋگېنى ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاتىسىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي، ئۆز ئاتىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى. يۈرىكىدە ئىشق ـ مۇھەببەت ئويغانغان بارلىق قىزلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت ئۇنىڭ بارلىق دۇنياسى ئىدى، بىراق شارل ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس. يېۋگېنى ئاتىسىغا بولغان ۋاپادارلىقنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى قىلدى. بوۋاي قېرىلىق يېتىپ ماغدۇرىدىن كېتىۋاتاتتى. بىراق خەسسلىك يەنىلا ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ مىجەزى تا ئۆلگۈچە قىلچە ئۆزگەرمىدى.

ئۇ ھەر كۈنى سەھەردىن باشلاپ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، باشقىلارغا ياتاقخانىسىدىكى تام مەش بىلەن مەخپىي خانىسىنىڭ ئىشىكى ئوتتۇرىسىدا ئۇ-ياقتىن بۇياققا ئىتتىرگۈزۈپ يۈرەتتى. تەبىئىيكى، ئۇ-نىڭ مەخپىي خانىسى دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇن بىلەن تولغا-نىدى. ئۇ بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي خىيالغا كې-تەتتى. تۇرۇپ ئۆزىگە قاراۋاتقان كىشىگە، تۇرۇپ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئېغىر ئىشىككە ئىنتايىن خاتىرجەم-سىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتى. تىرىقىمدە قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالسىلا، ئۇ ئاۋازنىڭ نەدىن ۋە نېمە سەۋەبتىن چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى. ئۇ ھەتتا ھويلىدىكى ئىتنىڭ ئەسنىگىنىنىمۇ ئاڭلىۋالاتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇ-نىڭ كاللىسى خامۇش بولۇپ قالغاندەك قىلسىمۇ، لې-كىن كىشىلەر يەر ئىجارىسىنى تۆلىگىلى كەلگەن، قورۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ھېساب ـ كىتاب قى-لىشىدىغان ياكى ھۆججەت تاپشۇرىدىغان كۈنلەردە ئۇ دەرھال سەگەكلىشەتتى ۋە چاقلىق ئورۇندۇقنى مەخپىي خانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۆزى ھەيدەپ ئاپىرىپ، قىزىغا ئىشىكنى ئاچقۇزاتتى، قىزى خالتا ـ خالتا پۇل-لارنى مەخپىي خانىغا تۆكۈپ جايلاشتۇرۇپ بولغۇچە ئۇ-نىڭغا نازارەت قىلىپ تۇراتتى، ئاندىن ئىشىكنى مەھكەم تاقاتقۇزۇپ، گۆھەردەك قەدىرلەيدىغان ئاچقۇچنى قىزىنىڭ

قولىدىن ئالاتتى ـ دە، پىنجىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئۈستىدىن سىلاپ قويۇپ، لام ـ جىم دېمەي بۇرۇنقى جا-يىغا قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى بول-غان گۇۋاھچى، مۇبادا شارل گراندې قايتىپ كەلمىسە، گراندې بوۋاينىڭ پۇلى بار يالغۇز قىزى گەپ يوق ئۆ-زىنىڭ سوت باشلىقى بولغان جىيەنىگە تېگىدۇ، دەپ ئويلاپ، بوۋايغا تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراشقا باشلىدى، ئۇ ئاخىر سەكراتقا چۈشتى. ئۇ ئاران كۆزىنى ئاچقان-دا — ئۇنىڭ پۈتكۈل جېنى كۆزىگە يىغىلغانىدى، — دىق-قەت ـ نەزەرىنى دەرھال مال ـ دۇنيا بىلەن توشقان مەخ-پىي خانىسىنىڭ ئىشىكىگە قارايتتى.

— شۇ يەردىمۇ؟ شۇ يەردىمۇ؟—دەپ سورايتتى ئۇ قىزىدىن. ئۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— شۇ يەردە، ئاتا، — دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلاتتى يېۋگېنى.

— ئالتۇنلارغا ئوبدان قارا!... ئېلىپ كەل، ئالدىمغا قوي!

يېۋگېنى تىللالارنى ئۈستەل ئۈستىگە يېيىپ قو-ياتتى، بوۋاي خۇددى ئەمدىلا قاراشنى ئۆگەنگەن كىچىك بالىنىڭ بىرنەرسىگە تىكىلىپ قالغىنىغا ئوخشاش، تىللالاردىن سائەتلەپ كۆزىنى ئۈزمەيتتى ھەم ناھايىتى

تەسلىكتە مىيىقىدا كۈلۈپ قويىاتتى، بەزىدە:

— مۇشۇنداق قىلسام كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ، — دەيتـ.
تى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ چىرايىدىن ناھايىتى بەختـ.
لىك ئادەمدەك ئىپادە كۆرۈنەتتى. بۇ رايونىنىڭ پوپى
ئۇنىڭ توۋا ـ ئىستىغپارىنى قوبۇل قىلغىلى كەلدى.
كرىست، شامدان ۋە كۈمۈش يالىتىلغان ئاپتۇۋا پەيدا
بولۇش بىلەن، گراندىنىڭ ئۆلگىلى بىرنەچچە سائەت
بولغاندەك كۆرۈنگەن كۆزلىرى لاپپىدە ئېچىلدى ـ دە، شۇ
نەرسىلەرگە تىكىلدى، بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى توپۇقمۇ
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر نۆۋەت مىدىرلىدى. پوپ ئالتۇن
يالىتىلغان كرىستنى ئۇنىڭ لېۋىگە ئاپىرىپ، خرىسـ.
توسنىڭ مۇقەددەس سۈرىتىنى ئۇنىڭغا سۆيدۈرگەندە،
كرىستنى تۇتىۋېلىش ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر ھەرىكەت
قىلدى، ۋەھالەنكى، بۇ ئاخىرقى ھەرىكەت ئۇنىڭ جېنىنى
ئالدى. ئۇ يېۋگېنىيىنى چاقىردى، يېۋگېنىي ئۇنىڭ ئالدىدا
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزـ.
غىنىچە مۇزدەك قوللىرىغا سۆيدى، لېكىن ئۇ بۇنى
كۆرەلمىدى.

— ئاتا، بەختىمنى تىلەپ ماڭا دۇئا قىلىڭ!

ئاخىر بۇ ئۆيدە يېۋگېنىي ئۆزى يالغۇز قالدى.
ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن نىمىنى ئويلايدىغانلىقىنى
دەررۇ چۈشىنىدىغان، ياخشى كۆرىدىغىنىنى ياخشى كۆـ.

رىدىغان بىردىنبىر ئادەم نانېتا ئىدى. ئۇ يۈرىكىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى يالغۇز نانېتاغىلا ئېيتالايتتى. نانېتا ئۇنىڭ ئۇچۇن مالاي ئەمەس، بەلكى ھامىيسى، يېقىن دوستى ئىدى.

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يېۋگېنى گۇۋاھچى كرىيۇشۇدىن ئۆزىنىڭ سومىيۇرادىكى يېرىدىن يىلىغا 300 مىڭ فرانك كىرىم كىرىدىغانلىقىنى، ھەربىرىنى 60 فرانكتىن سېتىۋالغان زايومدىن ئالتە مىليونى بولۇپ، ھازىر ھەربىر زايومنىڭ باھاسى 77 فرانكقا ئۆسكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى مىليون فرانك قىممىتىدە ئالتۇن، 100 مىڭ فرانك نەق پۇل بارلىقىنى بىلدى، يەنە بەزى يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇللار بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 17 مىليون فرانك ئىدى.

قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىچىدە، يېۋگېنىينىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى نانېتاغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يىلىغا 1200 فرانك بېرىشنى قارارلاشتۇرۇش بولدى. نانېتانىڭ ئەسلىدە 600 فرانك پۇلى بار ئىدى، ئۇنىڭغا بۇنى قوشقاندا، ئۇ پۇللۇق بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدى. بىر ئايغا قالماي، ئۇ قىزلىقتىن جۇۋانلىققا ئۆتۈپ، گراندې خانىقىزنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە قارايدىغان ئانتون كورناي ئىسىملىك بىرسىگە ياتلىق بولدى. بۇ-

نىڭ بىلەن، كورناي گراندې خانقىزنىڭ يەر ـ سۇلىرىنى باشقۇرىدىغان غوجىدارى بولۇپ تەيىنلەندى. كورناي خانىم 60 ياشقا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، 40 ياشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قوپال سىرتقى قىياپىتى ۋاقتىنىڭ ئۆپرىتىشىغا بوي بەرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان موناستىرلاردىكى مۇناخلاردەك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قان تېمىپ تۇرغان تېرىسى، چويۇندەك چىڭ بەدىنى قېرىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

يېۋگېنىي ئۇلارنى تەبرىكلەپ قوشۇق، ۋېلكىغا ئوخشاش ئۈچ يۈرۈش تاماق سايمانلىرى سوۋغا قىلدى، كورناي خوجايىنىنى بۇنچىلىك مەردلىك قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇ خانقىزنىڭ گېپى چىقسىلا كۆزىگە ياش ئالاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە تەييار ئىدى، كورناي خانىم يېۋگېنىنىڭ قول ـ قانىتىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەرگە تەگكەن خۇشاللىقتىن باشقا، يەنە بىر خۇشاللىق يار بولدى، ئۇ بولسىمۇ يېمەك ـ ئىچمەك ئامبىرىنىڭ ئاچقۇچى ئاخىر ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئۆلۈپ كەتكەن كونا خوجايىنىغا ئوخشاش ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىر كۈنلۈك يېمەكلىكنى تەقسىم قىلىدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىككى چاكار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاشپەز، يەنە بىرى ئۆي يىغىشتۇرىدىغان، كىيىم ـ كېچەك، ئو-

رۇن ـ كۆرپە يامايدىغان، خانقىزنىڭ كىيىملىرىنى تى-
كىدىغان ئايال ئىدى. بۇنىڭ بىلەن گراندې خانقىزنىڭ
تۆت نەپەر سادىق مالىيى بار بولدى.

— ئاھ، نانېتا، — دېدى يېۋگېنىي بىر كۈنى كەچ
ئۇخلايدىغان چاغدا نانېتاغا، — ئۇنىڭ كەتكىنىگە يەتتە
يىل بولدى، بىر پارچىمۇ خېتى يوق.

سومىيۇرادا مۇشۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا، شارل ھىند-
ىستاندا باي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە ئېلىپ
بارغان ئادەتتىكى ماللىرىنى ياخشى باھادا سېتىپ تېز
ئارىدىلا ئالتە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپتى. كېيىن
ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ قۇل سودىسى قىلدى،
نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بېرىپ، خىلمۇخىل ئىشلارنى كۆ-
رۈپ، ئىدىيىسى ئۆزگەردى. ئۇ بىر يەردە جىنايەت ھې-
سابلانغان ئىشنىڭ ئىككىنچى بىر يەردە گۈزەل پەزىلەت
سانىلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ھەق بىلەن
ناھەق، توغرا بىلەن خاتا دېگەنلەرگە قارىتا مۇئەييەن
قاراشتا بولمايدىغان بولدى. ئەتىدىن كەچكىچە مەنپەئەت
بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ يۈرىكى
مۇزغا ئايلاندى، قاتتى، ھېچ نەرسە تەسىر قىلماس بول-
دى. ئادەم ئېلىپ ساتتى، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز
تارقاتتى، باج ئوغرىلاش، ئەتكەسچىلىك قىلىشقا ئادەتلى-
نىپ كېتىپ، بارغانسېرى ئىنسانىي ھوقۇقنى دەپسەندە

قىلىدىغان بولدى. قارا تەنلىك قىزلار، ئاق تەنلىك قىزلار، ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققان شالغۇتلار ۋە مىسىرنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرىغا ئوخشاش ھەر خىل ئىرقتىكى ئاياللار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىۋېرىپ، بىر نەۋرە ئاچىسى، سومىيورا، كونا ئۆيلەر، ئورۇندۇق ۋە كارىدوردىكى سۆيۈشۈشلەرنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇدى. ئۇ تۇغقانلىرىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، چوڭ ئاتىسىنى ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغان قېرى ئىت دەيتتى، يېۋگېنىيىغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇنىڭ يۈرىكى ھەم كاللىسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئالتە مىڭ فرانك قەرز بېرىپ تۇرغان قەرز ئىگىسىلا دەپ بىلەتتى. شارلنىڭ ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە ئىدى. 1827 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ خاندپەرەسلەر سودا شىركىتىنىڭ چوڭ بىر كېمىسىگە ئولتۇرۇپ بوردوغا قايتتى، كېمىدە ئۇنىڭ پارىژغا ئېلىپ بېرىپ تىللاغا ئايلاندۇرۇپ كەلمەكچى بولغان بىر مىليون 900 مىڭ فرانك قىممىتىدىكى ئۈچ كۈپ كېپەك ئالتۇن بار ئىدى. شۇ قېتىم ئۇ كېمىدە شارل X پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغان دې. ئوبرىئون ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەنە سەت بىر قىزى بار ئىدى. بۇ ئەر ـ ئاياللار ئەگەر شارل گراندې

دې. ئوبرېئون ئەپەندىگە يىلىغا 36 مىڭ فرانك كىرىم قىلىدىغان مىراس قالغان زېمىنىنى بەرسە، ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى دې. ئوبرېئونغا ئۆزگەرتىپ، دې. ئوبرېئون جەمەتىنىڭ نەسەب ئۇنۋانىنى ئىشلىتىشى توغرىسىدا شارل X پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئىلتىماس سۇنىمىز، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ گېنېرال دې. بىيوش ۋە دې. ئوبرېئون ماركىز ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىشىغا قوشۇلىمىز، دەپ ۋەدە بەردى.

دې. گراسسىن شارلنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن توي قىلىدىغانلىقىنى ھەم خېلى پۇل تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى ۋە ئۇنىڭغا 300 مىڭ فرانك تۆلەيدىغان بولسا ئاتىسىنىڭ قەرزلىرىنى تۈگەل قايتۇرۇپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شارل دې. گراسسىننى كۆرۈپ تونۇمىدى. ئۇ ناھايىتى تەكەببۇرلۇق بىلەن بۇ بانكىرنى كۈتۈۋالدى. شارل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاخىردا دې. گراسسىن ئېيتىۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتە ـ يەتمەيلا جاۋاب بەردى:

— ئاتامنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. سىزنىڭ شۇنچە جاپا تارتقىنىڭىزغا رەھمەت، ئەپەندىم، ئەپسۇسكى، مەن بۇ ئىشنى قىلالمايمەن. مەن قان ـ تەر ئاققۇزۇپ تاپقان ئىككى مىليون فرانك پۇلنى ئاتامنىڭ قەرزلىرىنى

قايتۇرۇش ئۈچۈن تاپقان ئەمەسمەن.

— ئەگەر مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ كىشىلەر مەرھۇم ئاتىڭىزنى سودىدا سۇنۇپ ۋەيران بولغان دەپ جاكارلىۋەتسىچۇ؟

— تەقسىر، سىز دېگەن شۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە مەن دې. ئۇبرىئون گرافقا ئۆزگىرىمەن. ئۇ چاغدا ئۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ۋەھالەنكى، شۇ نەرسە سىزگە ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىقكى، يىغىلىغا 100 مىڭ فرانك كىرىم قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئاتىسى سودىدا ۋەيران بولىدىغان ئىش ھېچ يەردە يوق!

شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرى، يېۋگېنى بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ۋەدىلەشكەن ھېلىقى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ شارلىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

*«سۆيۈملۈك ئاچا»*

مېنى يېۋگېنى دېمەيتۇ ـ يا، — دەپ ئويلىدى يېۋگېنى يۈرىكى قاتتىق ئىچىشقان ھالدا، — ئۇ مېنى يات ئادەمدەك ئاتاپتۇ. ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالماي قالدى، كۆزلىرى ياشقا لىق تولغاندى.

*«سۆيۈملۈك ئاچا، ناۋادا سىز مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، ئىشىنىمەنكى چوقۇم خۇشال بولىسىز، سىز ماڭا ئاق*

*يول تىلىگەنىدىڭىز. مەن سىزنىڭ تىلىكىڭىزدەك باي بولۇپ قايتتىم. مېنىڭچە، مېنىڭ خام خىياللىرىم ۋە بەختسىزلىكلىرىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. مەن نۇرغۇن جايلارنى كەزدىم، نۇرغۇن كەچمىشلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئاچا، سىز ئەركىن ئادەمسىز، مەنمۇ ھەم شۇنداق، كۆرۈنۇشتە بىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈشكەن پىلانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھېچقانداق توسالغۇ يوقتەك قىلىدۇ. بىراق مەن تولىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئادەمەن، ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى سىزدىن يوشۇرۇشنى خالىمايمەن.»*

يېۋگېنىي خۇددى بىر پارچە چوغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھويلىدىكى پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى.

*«ياق، مەن سىزنى ئالدىسام قەتئىي بولمايدۇ. ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا بىر توي ئىشى تۇرۇپتۇ. بۇ مېنىڭ تۇرمۇش تەلىپىمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان توي. توي ئىشىدا مۇھەببەت دېگەن بىر قۇرۇق خىيال. ھازىر تەجرىبىلەر ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، توي دېگەن بۇ ئىش جەمئىيەتنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى كېرەك. ۋەھالەنكى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياش پەرقى تۇرۇپتۇ، كەلگۈسىدە بۇنىڭ ماڭا قارىغاندا سىزگە كۆپرەك تەسىرى بولۇشى*

مۇمكىن. ئەمدى سىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىڭىز، سىز ئالغان تەربىيىڭىز، ئادەتلىرىڭىزگە كەلسەك، بۇلار پا-رىژنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ ھەم مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۇتىدىغان يولۇم بىلەن ھەرگىز ماس-لىشالمايدۇ. ماڭا بولسا ھەشەمەتلىك، كاتتا ئۆيلەر لازىم. ئۇ يەردە مەن نۇرغۇن مېھمانلارنى كۈتۈشۈم كېرەك. لېكىن مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز شاۋقۇنسىز، تىنچ تۇرمۇشنى خالايسىز، ياق، مەن تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشنى خالايمەن، سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىشىڭىز كېرەك، سودىيەلىك ھوقۇق سىزنىڭ قو-لىڭىزدا تۇرۇپتۇ، ھازىر ماڭا 80 مىڭ فرانك كىرىم كىرىدۇ. بۇ پۇلۇم بىلەن مەن دې. ئوبرىئونغا كۆيئوغۇل بولالايمەن، ئۇلارنىڭ 19 ياشلىق قىزى ماڭا مەنسۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام خىزمەت، ئۇنۋان ھەم ھەسەت قوزغايدىغان مەرتىۋە كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. يۇرىكىمدىكى سۆزنى دېسەم، سۆيۈملۈك ئاچا، دې. ئوبرىئون خانىقىزغا قىلچە مۇھەببىتىم يوق؛ لېكىن مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام، بالىلىرىم ئۇچۇن ئورۇن ھازىرلاپ قويالايمەن. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مېنىڭ ئوغلۇم دې. ئوبرىئون ماركىز ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ-دە، 40 مىڭ فرانك كىرىم كىرىدىغان سۈيۈرغاللىق يەرگە ئىگە بولۇپ، قانداق مەنسەپكە ئولتۇرىمەن دېسە ئولتۇرالايدۇ.

بىز ئۆز پەرزەنتلىرىمىزگە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. قاراڭ ئاچا، مەن ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنى، ئۇ-مىد - ئارزۇلىرىمنى، مال - دۇنيايىمنى سىزگە قانداق ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئاشكارىلاپ بېرىۋاتىمەن - ھە! سىزگە ئېيتسام، مەن پەقەت ھەسەپ - نەسەبتە تەڭ بىر ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچى، مەن ئىككە-مىزنىڭ بالىلىق چېغىمىزدىكى مۇھەببىتىمىزنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. سىزگە يەنە شۇنىمۇ ئېيتاي، ئەگەر بۇ دۇنيادا يەتمەكچى بولغان نىيەتلىرىمنى دېمە-گەن بولسام، مەنمۇ ئاددىي، پاك بەخت ئىچىدە ياشاشنى چىن كۆڭلۈمدىن خالىغان بولاتتىم. چۈنكى، سىز ماڭا بۇنداق ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىتقان ئىدىڭىز...

سىزنىڭ سەمىمىي ئىنىڭىز شارل»

قوشۇمچە: مۇشۇ خەت بىللە سەككىز مىڭ فرانكلىق چەكمۇ ئەۋەتتىم. پۇلنى دې. گراسسىن باڭ-كىسىدىن ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ پۇل-نىڭ ئىچىدە سىز ماڭا مەردلىك بىلەن قەرز بېرىپ تۇرغان ئالتە مىڭ فرانكنىڭ ئۆسۈممۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىزگە بولغان ئۆمۈرلۈك رەھمىتىمنى بىل-دۈرۈپ بىرقانچە تۈرلۈك نەرسىمۇ ئەۋەتمەكچى، ئۇ نەر-سىلەر قاچىلانغان ساندۇق بوردودىن تېخى يېتىپ كەل-مىدى، كەلگەندە چوقۇم ئەۋەتىپ بېرىمەن. مېنىڭ ھېلىقى

*پەرداز قۇتامنى بېكەتتىكلەردىن ئەۋەتىپ بېرەرسىز.*
*ئادرېسىم: ئېللېرىن - بېرتىن كوچىسىدىكى دې. ئوبرىئون قورۇسى.*

— بېكەتتىكلەردىن ئەۋەتىپ بېرەرسىز! — يېۋگېنى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ قويدى - دە، جېنىمنى تىكىپ تۇرۇپ ساقلىغان نەرسىنى بېكەتتىكلەردىن ئەۋەتىپ بەرگۈدەكمەن!

شۇ چاغدا دې. گراسسىن خانىمنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇنى قىساس ئېلىش ۋە ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى چىرمىۋالغانىدى.

— خانقىز، بۇ دې. گراسسىننىڭ ماڭا يازغان خېتىكەن، ئوقۇپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ. يېۋگېنى خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

*«سۆيۈملۈكۈم! شارل گراندېنىڭ ھىندىستاندىن پارىژغا قايتىپ كەلگىنىگىمۇ بىر ئاي بولدى، مەن كەلگۈسىدىكى دې. ئوبرىئون بىكونتنى تۇرار جايىغا ئىككى قېتىم ئىزدەپ بېرىپ ئاران كۆرۈشتۇم. گەرچە ئۇنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقى پۈتۈن پارىژغا پۇر كەتكەن، چېركاۋمۇ نىكاھ ئوقۇشنى تايىن تاپقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ توي تېخىچە ناتايىن تۇرۇۋاتىدۇ، دې. ئوبرىئون ماركىز ئۆزىنىڭ قىزىنى ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بىر ئادەمنىڭ*

ئوغلىغا ھەرگىز بەرمەيدۇ. مەن شارلىنى ئالايىتەن ئىز-
دەپ بېرىپ، چوڭ ئاتىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۇنىڭ
ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا قانچىلىك باش قاتۇرغانلىقىد-
مىزنى، قەرز ئىگىلىرىنى ھەر خىل ئەپچىل چارىلەر
بىلەن بوگۇنگىچە تۇتۇپ تۇرغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەر-
دىم. لېكىن بۇ تەكەببۇر ھارىمى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ۋە
شان ـ شەرىپى ئۈچۈن بەش يىل پالاقشىغان مەندەك بىر
ئادەمگە «ئۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، ئاتامنىڭ ئىشى» دەپ
جاۋاب بېرىشكە پېتىندى. مۇشۇ دېلو ئۈچۈن ئەرز ـ
شىكايەت قىلغان ھەرقانداق بىر ۋاكالەتچى ئۇنىڭدىن
30 ـ 40 مىڭ فرانك تاپان ھەققى سورىسا ھەقلىق ئىدى.
ئۇنىڭ ھەممە قەرزى بىر مىليون 200 مىڭ فرانكتىن
ئاشىدۇ. ئەمدى كۆرسۇن، مەن ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئىگد-
لىكى ۋەيران بولغان دەپ جاكارلىمايدىغان بولسام. دەس-
لەپتە مەن بۇ ئىشقا گراندې دېگەن ھېلىقى قېرى
تىمساھنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ماقۇل دېگەن ئىد-
كەنمەن، دې. ئوبرىئون بىكونت ئۆزىنىڭ نام ـ ئابرۇيى
بىلەن كارى بولمىسا مەيلى، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ
ئابرۇيۇمنى قەدىرلىشىم كېرەك. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ
كۆز قارىشىنى قەرز ئىگىلىرىگە چۈشەندۇرۇشۇم شەرت.
بىراق مەن بۇرۇندىن يېۋگېنى خانقىزنىڭ ھۆرمىتىنى
قىلاتتىم. ھېلىقى چاغلاردا بىزنىڭ ئۇنى كېلىن

*قىلىشۇلىش ئويىمىز بار ئىدى. شۇڭا سەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىشتىن بۇرۇن، ئالدىراپ بىر ئىش قىلىپ يۈرمىگىن....»*

يېۋگېنىي خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىر-دىنلا ئوقۇشتىن يالتايدى ـ دە، خەتنى دې. گراسسىن خانىمغا سوغۇققىنا ياندۇرۇپ بەردى:

— رەھمەت سىزگە، كېيىنچە بىر گەپ بولار....

— ۋاي ـ ۋۇي، مۇشۇ تاپتىكى ئاۋازىڭىز رەھمەتلىك ئاتىڭىزنىڭ ئاۋازىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە! — دېدى دې. گراسسىن خانىم.

— خانىم، سىز بىزگە سەككىز مىڭ فرانكلىق ئالتۇن بېرىشىڭىز كېرەك، — دېدى نانېتا ئۇنىڭغا.

— بولىدۇ! كورناي خانىم، مېنىڭ بىلەن بىللە بارغىن.

— پوپ ئەپەندى، — دېدى يېۋگېنىي ناھايىتى تەم-كىن ھالدا، ئۇ ئەمدى قانداق قىلىش ئۇستىدە بىر قا-رارغا كېلىپ بولغانىدى، — توي قىلغاندىن كېيىن ئۆ-زىنىڭ قىزلىق ئىپپىتىنى ساقلاپ قالىمەن دېسە، بۇ گۇناھ ھېسابلىنامدۇ ـ يوق؟

— بۇ، دىندىكى ئەخلاق مەسىلىسى، ھازىرچە بۇ-نىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەگەر ئۇلۇغ

سانچىس ئۆزىنىڭ «توي ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە» دېگەن ئەسىرىدە نېمە دېگەنلىكىنى بىلگۈڭىز كەلسە، سىزگە ئەتە ئېيتىپ بېرەي.

گراندې ئائىلىسىگە بۇگۈنكىدەك بۇنداق كۆپ مېھمان كېلىپ باقمىغانىدى. شارلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىقا يامانلىق قىلغانلىقىنى پۈتۈن شەھەر بىلىپ بولغانىدى. ئاللىبۇرۇن تەييارلىقى بار يېۋگېنې ئىچىدە ئۆرتىنىپ تۇرغان دەھشەتلىك دەرد ـ ئەلەملىرىنى چىرايىدا قىلچە بىلىندۈرمەيۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قايغۇلۇق نەزەر بىلەن قارىشاتتى، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى ئېيتىشاتتى. ئۇ بولسا تەبەسسۇم كۆلكىسى بىلەنلا رەھمەت ئېيتاتتى. ئۇ ئاخىر كىچىك پېئىل ھەم ئەدەپلىك مۇئامىلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى سىرتقا بىلىندۈرمەي ئۆتۈپ كەتتى.

سائەت توققۇز ئەتراپىدا قارتا ئويۇنى تاماملىنىپ، كۆپچىلىك ساھىبخان بىلەن خوشلىشىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، پۈتۈن سومىيۇرانى، پۈتۈن ۋىلايەتنى، تۆت ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى.

— ئەپەندىم، سىز سەل تۇرۇپ ماڭسىڭىز، — دېدى يېۋگېنې ھاسىسىنى قولىغا ئېلىۋاتقان دې. بونفونغا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېھمانلار داڭقېتىپلا قالدى، سوت باشلىقى ئۆز جايىغا ئولتۇردى.

— مانا بۇ جايىدا ئىش بولدى، — دېدى پوپ.

ئۆيدىكى ھەربىر ئادەم ئەپچىل ۋە ئىككى بىسلىق گەپلىرى بىلەن يېڭگېنىنى تۇمەن مىڭ فرانكلىق مال - دۇنيانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇر-غان ئۇلۇغۋار ئادەم قىلىپ كۆرسەتتى. توققۇز يىل بۇرۇن باشلانغان ئويۇن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. پۈتۈن سومىيۇرا شەھىرى خەلقىنىڭ ئالدىدا سوت باش-لىقىنى ئېلىپ قالغانلىق يېڭگېنىنىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش قارارىنى جاكارلىغانلىقى ئەمەسمۇ؟

كىچىك شەھەرلەردە ئەدەپ - يوسۇن قاتتىق بولىدۇ. دېمەك، شۇنداق قاتتىقلىقىغا قارىماي قىلىنغان بۇ يۈ-رەكلىك ھەرىكەت، ئەلۋەتتە، ئەڭ تەنتەنىلىك ۋەدە — دە.

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، يېڭگېنى ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— سوت باشلىقى ئەپەندى! سىزنىڭ مېنىڭ نې-مەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىز ماڭا مەلۇم. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، مېنى ئۆز ئەركىمگە قويۇپ بېرىش، تويى-نىڭ سىزگە بەرگەن ھوقۇقىنى ماڭا مەڭگۈ ئىشلەت-مەسلىك توغرىسىدا ماڭا قەسەم بېرىدىغانلا بولسىڭىز، مەن سىزگە ياتلىق بولاي. توختاڭ! مېنىڭ سۆزۈم تېخى

تۇگىمىدى، — ئۇ بۇ گەپنى سوت باشلىقى تىزلىنىپ باش ئۇرماقچى بولغاندا قىستۇرۇپ قويدى، — مەن سىزگە ساداقەتسىزلىك قىلمايمەن. بىراق مېنىڭ يۈرىكىمدە يوقاتقىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات بار. مەن ئۆز ئېرىمگە پەقەت دوستلۇقنىلا كۆرسىتەلەيمەن. مەن ئۇنى ئازابقا سالىدىغان ئىش قىلمايمەن ھەم ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىدىكى پرىنسىپىمغا خىلاپلىق قىلىشنى خالىمايمەن. شۇنداقتىمۇ سىز ماڭا بىر ئىشتا ياردەملىشىشىڭىز كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىن نىكاھ توختامى بىلەن مال ـ مۈلكۈمگە ئىگە بولالايسىز.

— ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا كىرىشكە تەييارمەن، — دېدى سوت باشلىقى ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— مانا بۇ بىر مىليون 500 مىڭ فرانكنى، — دېدى ئۇ قوينىدىن فرانسىيە بانكىسىنىڭ پاي چېكى دەپتىرىنى ئېلىپ، — ئەتىمۇ ئەمەس، بۈگۈن كەچتىمۇ ئەمەس، دەل ھازىرنىڭ ئۆزىدە پارىژغا ئېلىپ بارسىز، دې. گراسسىن ئەپەندىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن كىچىك ئاتامنىڭ ھەممە قەرز ئىگىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىپ ئۇلارنى يىغىپ، كىچىك ئاتام ئەسلىي ئالغان قەرز پۇلى بىلەن ئۇ قەرزنى تۆلىگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆسۈمنى قوشۇپ ئۇلارغا قايتۇرىسىز ھەم ئۇلاردىن پۇلنى

تاپشۇرۇۋالغانلىق ھەققىدە ھۆججەت ئېلىپ گۇۋاھلىق-تىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆتەشكە تېگىشلىك رەس-مىيەتلەرنى ئۆتەپ ئىشنى پۈتتۈرىسىز. سىز ناھايىتى دۇرۇس سوتچى، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، قالغان ئۆم-رۈمنى سىزگە تاپشۇردۇم.

سوت باشلىقى شۇنچە زور مال-دۇنيانىڭ مىراس-خورى بولغان يېۋگېنىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئەسەبىيلەرچە تىترەيتتى.

— سىز ئۇچۇن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا تەي-يارمەن!

— سىز ھۆججەتلەرنى قولىڭىزغا ئالغاندىن كې-يىن، — ئۇ سوت باشلىقىغا سالقىن نەزەر بىلەن قاراپ قويدى، — ئۇنى بارلىق قەرز كۆتەكلىرى بىلەن بىللە مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىمغا ئاپىرىپ بېرىسىز، ئۇنىڭغا مۇنۇ خەتنىمۇ بېرىڭ، قايتىپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن، مەن ۋەدەم بويىچە ئىش قىلىمەن.

دې. بونفون ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن، يېۋگېنى ساپاغا ئۆزىنى ئېتىپ قاتتىق يىغلىدى. ئەمدى بولار ئىش بولۇپ بولغانىدى. سوت باشلىقى پەيتۇندىن بىرنى كىرا قىلىپ، ئەتىسى كەچتە پارىژغا يېتىپ باردى، ئۇ-نىڭ ئەتىسى ئۇ دې. گراسسىننى تاپتى ۋە قەرز ئىگى-لىرىنى قەرز زايوملىرى ساقلىنىدىغان ۋاكالەتچىلەر

ئىش بېجىرىش ئورنىغا چاقىرتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشتى. سوت باشلىقى دې بونفون گراندې خانقىز-نىڭ نامىدا بارلىق قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇردى، بولۇپمۇ قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى تولۇق قايتۇرغان ئىش پا-رىژنىڭ سودا ساھەسىنى قاتتىق زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. سوت باشلىقى پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججەتلىرىنى ئال-غاندىن كېيىن، گراندې خانقىزنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، دې. گراسسىنغا قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن 50 مىڭ فرانك بەردى. ئاندىن دې. ئوبرىئون ماركىزنىڭ سارىيىغا قاراپ يول ئالدى. سوت باشلىقى ئۇ يەرگە يېتىپ بار-غاندا، شارل قېيناتا بولغۇچىنىڭ ئالدىدىن نائۈمىد يې-نىپ چىققان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى، قېرى ماركىز ئۇنىڭغا گېلموي گراندېنىڭ بارلىق قەرزلىرىنى تۆگەتكەندىن كېيىن قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقا-نىدى.

سوت باشلىقى ئالدى بىلەن شارلغا تۆۋەندىكى خەت-نى بەردى:

*«سىز ئىنىمغا مەلۇم بولغايكى، كىچىك ئاتام-نىڭ قەرزلىرىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ، سوت باشلىقى دې. بونفون ئەپەندىدىن ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەۋەتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، سىز ئىنىم ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىلغان*

*قەرزلەرنى قايتۇرۇپ بولغانلىقىمىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بىرىلگەن يەنە بىر ھۆججەتمۇ بار. سىرتتا كىچىك ئا- تامىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى توغرىسىدا گەپ تولا... مەن ئويلايمەن، ئىگىلىكى ۋەيران بولغان بىر ئادەمنىڭ ئوغ- لىنىڭ دې. ئوبرىئون خانقىزدەك قىزلارغا ئۆيلىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس. سىزنىڭ مېنىڭ ئوي- پىكىر ۋە يۇ- رۇش- تۇرۇشلىرىمغا بەرگەن باھايىڭىز ناھايىتى توغرا. راستىمنى ئېيتسام، مەندە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پۇرىقى يوق، ھەممىنى ھېسابقا ئالىدىغان ھەم سۆلەت- ۋازلىق قىلىدىغان ئىشلارنى مەن بىلمەيمەن. سىزنى سىز كۆتكەن كۆڭۈل شادلىقلىرى بىلەنمۇ تەمىن ئې- تەلمەيمەن. سىز ئىجتىمائىي ئادەت كۆچىگە تەسلىم بولۇپ، بىزنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىمىزنى قۇربان قىلد- ىڭىز، مەن سىزگە چەكسىز بەخت تىلەيمەن. سىزگە پەقەت ئاتىڭىزنىڭ شان- شۆھرىتىنى ھەدىيە قىلىش بىلەن تېخىمۇ بەختلىك قىلماقچىمەن. مەڭگۈلۈك خەير- خوش! ئاچىڭىز سىزنىڭ مەڭگۈلۈك سادىق دوس- تىڭىز.*

يېڭۈگېنى»

ئۇ قارا نىيەت نەپسانىيەتچى رەسمىي ھۆججەتلەرنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقىدىن ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى. سوت باشلىقى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەمدى ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە خۇش خە-ۋەرلىرىمىزنى ئېيتىشساق ھېچنېمە بولماس، — دېدى.

— نېمە، سىز يېۋگېنېغا ئۆيلەنمەكچىمۇ، بۇ ئوب-دان بوپتۇ. مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشالمەن، ئۇ ياخشى قىز، — ئۇ بىردىنلا بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئار-قىدىن سورىدى، — ئۇنداقتا، ئۇنىڭ پۇلى شۇنچە كۆپمۇ؟

— تۆت كۈننىڭ ئالدىدا، — دېدى سوت باشلىقى ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز سەپكەندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭ 19 مىليونلۇق تەئەللۇقاتى بار ئىدى، ئەمدى 17 مىليونى قالدى.

شارل سوت باشلىقىغا قارىغىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— 17... مىليون...

ئۈچ كۈندىن كېيىن دې. بونفون ئەپەندى سومىيۇراغا يېتىپ بېرىپ، يېۋگېنې بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن، ئۇ ئانژو سوت مەھكى-مىسىنىڭ سوتچىلىقىغا كۆتۈرۈلدى. سومىيۇرادىن كې-تىشتىن ئىلگىرى، يېۋگېنې نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆ-زى ياخشى كۆرۈپ يىغىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن جابدۇقلارنى بىر نەۋرە ئىنىسى قايتۇرغان سەككىز مىڭ فرانكلىق ئالتۇنغا قوشۇپ، ئۇنىڭدىن ئالتۇن مېھراب سوقتۇردى ۋە ئۇنى سومىيۇرادىكى چېركاۋغا ھەدىيە قىلدى.

يېڭىگېنى دائىم ئانژو بىلەن سومىيورانىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ يۈردى. ئۇنىڭ ئېرى بىر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتتە خىزمەت كۆرسىتىپ، سوت مەھكىمىسىدە كوللېگىيە باشلىقى بولدى، يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن چوڭ سايلامنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى، شۇنداقلا يەنە ئاقسۆڭەكلەر كېڭەشىگە كىرىشكىمۇ چىشىنى بىلەپ يۈرمەكتە ئىدى.

شۇنداقتىمۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى دې. بودفون شېرىن خام خىياللىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئۇ سومىيورا پارلامېنتىغا ئەزا بولغانلىقى ئېلان قىلىنىپ سەككىز كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

يامانىنى جازالاپ، ياخشىنى يۆلەيدىغان پەرۋەردىگار ئۇنىڭ مەككارلىقى ۋە قانۇن بىلەن ئوينىشىدىغان قىلمىشلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازاسىنى بەرگەن بولسا كېرەك.

ئالتۇنغا كۆمۈلۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئايالغا پەرۋەردىگار بۇگۈن يەنە دۆۋە - دۆۋە ئالتۇنلارنى ئاتا قىلدى. لېكىن ئۇ بۇ ئالتۇنلارغا نەزەر - كۆزىنى سالماي، ئۇ دۇنيانىلا ئويلايتتى، تۇرمۇشنى ئىخلاسمەنلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئوي - خىيالى پاك، نۇقسانسىز ئىدى، يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇناتتى.

ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا گۈزەل ئىدى، ئەمما ئۇ گۈزەللىك يېشى 40 قا يېقىنلىشىپ قالغان ئاياللار- نىڭ گۈزەللىكى ئىدى. ئاپئاق يۈزلىرى سىلىق - سىد- پايە، تەمكىن، تىپتىنچ ئىدى، ئاۋازى مۇلايىم، ھەرد- كەتلىرى بىر خىللا، ئاددىي - ساددا، چىرايىدىن ئازابقا پاتقان يۈكسەك ئۇلۇغۋارلىق پارلاپ تۇراتتى، روھى بۇ دۇنيانىڭ مەينەتچىلىكلىرى يۇقمىغان كىشىلەرنىڭ روھىدەك پاك ئىدى. ئۇنىڭدىن يەنە قىرى قىزلارنىڭ قېتىپ قالغان روھىي ھالىتىنىمۇ ۋە چەت - ياقا جايلارنىڭ پىنھان تۇرمۇشلىرىغا ئادەتلەنگەن كۆزى كىچىكلىكىنىمۇ، پىخسىقلىق ئادەتلىرىنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. گەرچە يىلىغا 800 مىڭ فرانك كىرىم كىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەينى يىللاردىكى بىچارە يېۋگېنى گراندېدەك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. سومىيۇرادىكى ئۆيلىرى سوغۇق، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان بولۇپ، 300 كۈن كۆ- ڭۈلسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ئۆيلەر ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. ئۇ جامائەتكە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى، ئۆز پۇلى بىلەن بىر قې- رىلار ساناتورىيىسى، بىرنەچچە دىنىي مەكتەپ ۋە تور- لۇك كىتابلار بىلەن تولغان، ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل بىر كۇتۇپخانا بىنا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا

ئىنسانلاردىكى پايدا ـ مەنپەئەت كۆز قارىشىنىڭ زىيادىكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇردى. ئالتۇن تەڭگە ئۆزىنىڭ سۆرۈن نۇرىنى ھەممە نەرسىدىن بەزگەن بۇ ھايات ئىگىسىگە يوقتۇرۇپ، ھېسسىياتقا باي بۇ ئايالنى ھېسسىياتقا ئىشەنمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر قاتار ساۋابلىق ئىشلىرى بىلەن ئۇ دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. قەلب ئۇلۇغۋارلىقى ئۇ كۆرگەن پەسكەش تەربىيە ھەم باللىقتا سىڭگەن ئادەتلەر ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئۇ بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنيادىن يىراقتا تۇراتتى، ئۇ ئەسلىدە ساداقەتلىك ئايال، كۆيۈمچان ئانىلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئېرىمۇ، بالا ـ چاقىسىمۇ، ھەتتا ئائىلىسىمۇ يوق بولۇشتەك تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار بولدى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«يېۋگېنى گراندى» بالزاكنىڭ ۋەكىللىك خاراك-تېرگە ئىگە ئەسىرى، ئاپتور روماندا مەركىزىي پېرسوناژ گراندېنىڭ بېيىشى ئارقىلىق فرانسىيە زور ئىنقىلابى-دىن كېيىن بىردىنلا بېيىغان ئائىلىلەرنىڭ بېيىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى بۇر-ژۇئازىيىنىڭ نۇرغۇن بايلىق توپلىغانلىقىدەك ئالاھىدى-لىكىنى ئېچىپ بەرگەن. 1789 ـ يىلى فرانسىيە زور ئىنقىلابى پارتلىغاندا گراندې پەقەت بىر سوغىچى ئىدى. جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت دائىرد-لىرى چېركاۋنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساتقاندا، گراندې تەپتىش ئەمەلدارىغا پارا بېرىپ، شۇ جايدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئۈزۈمزار، بىر موناستىر ۋە بىرنەچچە پارچە يەرنى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدۇ. گراندې مال ـ مۈلكىنى ئۆزد-نىڭ ئارقا تىرىكى قىلىپ سىياسىي سەھنىگە يامى-شىشقا باشلايدۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ جۇمھۇرد-يەتچىلەر پارتىيىسىگە كىرىدۇ ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار بو-لىدۇ. ئۇ يەنە خىزمەت ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ ھەر-بىيلەرنى بىر ـ ئىككى مىڭ كۈپ ھاراق بىلەن تەمىنى-لەش ئىشىنى ھۆددە قىلىۋالىدۇ، يەنە بىر موناستىرنىڭ

مال ـ مۈلكىنىمۇ قولىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئۇ شەھەر باشلىقى بولغاندا ياساتقان بىرنەچچە يول ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىي مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكىشى ۋە سېتىشى ئۈچۈن زور قولايلىق تۇغدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ جايىنىڭ بېجى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئوتتۇرىدىن نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. ئۇ ئون نەچچە يىلدىلا شۇ جايدىكى نەچچە مىليونلۇق مال ـ مۈلۈككە ئىگە كاتتا بايغا ئايلىنىدۇ.

روماندا تەسۋىرلەنگەن گراندېنىڭ بېيىش داۋامىدا ئىشلەتكەن رەزىل ۋاستىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگىدۇر. بالزاك فرانسىيىدىكى ھەربىر ئۆلكىنىڭ گراندېسى بار دېگەنىدى. ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن قالتىس بېيىغان بۇ ئائىلە زور ئىنقىلابتىن كېيىن ھوقۇققا ئېرىشكەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى. خانىدانلىق تىرىلگەندە گراندېنىڭ مال ـ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ تېز بېيىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. گراندې ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، سومىيۇرا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۈزۈمچىلەر، ئوتتۇرا ۋە كىچىك خوجايىنلارنى ئۇزۇملىرىنى ساتقىلى قويمايدۇ، ئۆزى بولسا ھە دەپ ئۈزۈم ئېلىۋاتقان چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن يۇقىرى باھادا

خۇپىيانە سودىلىشىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي هاراق با-
هاسى بەك چۇشۇپ كېتىپ، هەممە كىشى زىيان تارتى-
دۇ. ئاپتور ئەسەردە گراندېنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: سوم-
يۇرا شەهىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە گراندېنىڭ
چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدىغىنى يوق، گراندې گويا
يولۋاستەك، غايەت زور بوغما يىلاندەك ماراپ ياتقىنىچە،
زوڭزايغىنىچە ئولجىنى ئۇزۇن ۋاقىت زەن سېلىپ كۆ-
زەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېتىلىدۇ، ئۇ هەمىنىنى
ئېچىپ نۇرغۇن تەڭگىنى سالغاندىن كېيىن خاتىرجەم
ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇ گويا يىلاندەك قىمىرلىماستىن،
شەپقەتسىزلەرچە ئاستا ـ ئاستا هەزىم قىلىدۇ.» گراندې
دەل ئەينى چاغدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ تىپىك ۋەكىلى،
ئۇلارنىڭ هەممىسى گراندېغا ئوخشاش بازارنى كونترول
قىلىۋېلىش، مال باهاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق رەزىل
ۋاستىلەر بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىپ، ئۆزى پايدا
ئېلىپ بېيىغان. ئۇلارنىڭ بېيىش تارىخى كىشىلەرنىڭ
قان ـ تەرى هېسابىغا كەلگەن جىنايەتلىك بېيىش تارى-
خىدۇر.

ئاپتور ئەسەردە گراندېنىڭ بېيىش تارىخىنى تەس-
ۋىرلىگەندىن باشقا، يەنە كىتابخانلارغا شارلىنىڭ (گران-
دېنىڭ جىيەن ئوغلى) چەت ئەلدىكى بېيىش جەريانىنى
سۈرەتلەپ بېرىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دەسلەپكى بېيىش

جەريانىدىكى قاتمۇقات جىنايەتلىرىنى ئىپادىلىگەن. شارل بىيىش پۇرسىتى ئىزدەپ چەت ئەللەردە نۇرغۇن يىل ئېقىپ يۈرۈپ، سېپى ئۆزىدىن نومۇسسىز، دىلى زەھەر سودىگەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ كۈن بويى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن چوت سوقىدۇ، رەھىمسىزلىشىپ، ئاچكۆزلۈكتە ئۇچىغا چىقىدۇ. ئۇ ۋاستە تاللىماي ئادەم ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، جازانىخورلۇق قىلىدۇ، دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ھارام ماللىرىنى سېتىۋالىدۇ، باج ئوغرىلاپ ئەتكەسچىلىك قىلىدۇ، ئاخىردا تازا بېيىيدۇ. شارلنىڭ بېيىش ۋاستىسى كاپىتالنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دەۋرىدىكى چەت ئەل بۇلاڭچىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە نومۇسسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي پاش قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

بالزاك ئەسىرىدە يەنە گراندېنى تاۋار ئوبوروتى ۋە ھايانكەشلىكنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. گراندېنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مەككار ھەم رەھىمسىزلىكى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئۇ زاپاس ساقلاشقا خۇشتار بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ئىككىلەنمەي ئالتۇننى قولىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زايوم ۋە پاي چېكى ئالىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ

باھاسى ئۆرلىگەندە يەنە ساتىدۇ. ئەينى چاغدا زايوم ھا-
يانكەشلىكى ئەمدىلا باشلانغان بىر خىل پۇل مۇئامىلە -
مەبلەغ سېلىش پائالىيىتى بولۇپ، فرانسىيىدىكى ئادەت-
تىكى ئادەملەر بۇ كەسىپكە ئىشەنچ بىلەن قارىمايتتى،
زايوم ھايانكەشلىكى بىلەن بېيىشقا تازا ئىشەنمەيتتى.
ئەمما گراندې بۇ كەسىپنى چۈشىنىپلا قالماستىن،
بەلكى بۇ كەسىپكە ماھىر ئىدى. زايوم ھايانكەشلىكى
خاندانلىق تىرىلدۈرۈلگەن چاغدا گراندېنىڭ مۇھىم ئىق-
تىسادىي پائالىيىتىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە
ئۇنىڭ مال - مۈلكى ھەسسىلەپ ئاشقان. ئۇ ئالتۇنلىرىنى
زايوم ئالغاندىن كېيىن بايلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن
چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى دەل - دەرەخنى كېسىپ سې-
تىپ، دەل - دەرەخنىڭ ئورنىغا ئوت - چۆپ تېرىماقچى
بولىدۇ. چۈنكى قۇرۇق ئوت - چۆپنىڭ كىرىمى تېخىمۇ
كۆپ ئىدى؛ ئۇ دەريا ئېغىزىدىكى جايلارغا تېرەك كۆ-
چىتى تىكىدۇ، شۇنداق قىلغاندا باج تاپشۇرمايتتى.
گراندېنىڭ بۇ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ مەبلەغ ئايلان-
دۇرۇشنىڭ سودا - سېتىق پائالىيىتىدىكى مۇھىملىقىنى
قانچىلىك دەرىجىدە چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىس-
پاتلاپ بېرىدۇ. گراندې يەنە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىغىمۇ
ناھايىتى پىششىق بولۇپ، ئۆزى ۋە بانكىر گراسسىننىڭ
سودىدىكى ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ، قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ

ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىۋالىدۇ، قەرز ئىگىلىرى قەرز سۈيلەپ ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چىقىپ كەتسىمۇ، گراندې ئۇلارنى بىرنېمىلەرنى دەپ يولغا سالاتتى. گراندې ئەزەلدىن ئىز قالدۇرمايتتى. قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمايتتى؛ بىرەر ئىش، بىرەر گەپكە ئېنىق جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ھايانكەشلىككە مۇشۇنداق ماھىر بولۇشى ھەمدە سودىغا ئۇستا بولۇشى دەل كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىقتىسادىي ساھەدە دەۋر سۈرگەن قۇۋ ـ مەككار ۋە ئاچكۆز چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرىدۇر. خانىدانلىق تىرىلگەن چاغدا پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسى پەيدىنپەي ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىپ، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالىدۇ. گراندې چوڭ يەر ئىگىسى، شۇنداقلا پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستى بولغاچقا، ئۇنىڭ كىچىك شەھەر سومىيۇرادا ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ بارغانسېرى زورىيىشى فرانسىيىدە 19 ـ ئەسىرلەردە يەر، پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانلىقىدەك ئىجتىمائىي ھادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، گراندې ئوبرازىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى مانا مۇشۇ يەردە.

رومانغا باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئادەم بىلەن

ئادەم ئۇتتۇرىسىدىكى پۇل مۇناسىۋىتىنى پاش قىلىش-تىن ئىبارەت، بالزاك ئەسىرىدە بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئەسەردە گراندېنىڭ قى-زى يېۋگېنىيىنىڭ تويىنى چۆرىدىگەن ھالدا ۋەقەلىك بىر ـ بىرلەپ قانات يايدۇرۇلغان.

رومان كرىيۇشۇ ئائىلىسى بىر تەرەپ، گراسسىن ئائىلىسى بىر تەرەپ بولۇپ يېۋگېنىيىنىڭ زور ئائىلە بىساتىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا تالىشىدۇ. بۇ ئىك-كى ئائىلە شۇ جايدا خېلى تەسىرى بار باي ئائىلىلەر ئىدى. ئاپتور ئەسەردە ئىككى ئائىلىنىڭ يېۋگېنىيىنى تالىشىشىدىن ئىبارەت بەتبەشىرە قىلىقىنى خېلى جانـ-لىق تەسۋىرلىگەن، ئەمما شارل بىلەن يېۋگېنىيىنىڭ مۇھەببىتى ئۇ ئىككى ئائىلىنىڭ كۈرىشىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش بىلەن، رومان ۋەقەلىكىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولىدۇ. يېۋگېنىي ئۆزىنىڭ بارلىق تىللالىرىنى شارلغا بېرىپ، بىر مەيدان زەھەرسىز، خەنجەرسىز، ئۆلۈم ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن بۇرژۇئا ئائىلىسى پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گراندې دەرغەزەپكە كېلىپ، قىزىنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپ، پەقەت ئىچىدىغان سۇلا بېرىدۇ. گراندې ئادەتتىكى چاغلاردا قىزىغا ئامراق-لىق قىلىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئا-تا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ھەش ـ

پەش دېگۈچە ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئىلگىرى «بۇنىڭدىن كېيىن ھېسسىيات ھەممىدىن ئەلا بولۇشى كېرەك» دەپ قۇرۇق گەپ ساتقان شارلمۇ بېيىغاندىن كېيىن ئاپئاشـكارا ھالدا: «مەن پەقەت ئۇنىڭ ئورنى ۋە مال - مۈلكىنى دەپلا توي قىلىمەن» دەپ جاكارلايدۇ. يېۋگېنىي شارل ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئەھۋالدا فرافون بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ، فرافون ھاياجاندىن غال - غال تىترەيدۇ، توختىماستىن «مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز بولۇشقا،... ئۇتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا كىرىشكە رازى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يېۋگېنىيىنىڭ مال - بىساتىنى ئۆزىلا ئىگىلىۋالماقچى بولغانىدى. بىراق ئاقىۋەتتە ئۇ ئاۋۋال ئۆلۈپ قېلىپ، بېيىش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. «يېۋگېنىي گرانديې» رومانىدىكى بۇ تەسۋىرلەر پۇلنىڭ جىنايىتىنى كۈچلۈك پاش قىلىپ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ رەھىمسىز پۇل ئۈستىگە ئورنىتىلغانلىقىنى قامچىلايدۇ.

رومانغا «يېۋگېنىي گرانديې» دەپ نام قويۇلۇشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئاپتورنىڭ قەلبى بۇ ئايال باش پېرسوناژغا ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ بالزاكنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «گۈزەل ھېسسىياتقا ئىگە» غايىۋى ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئاپتور ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان چوڭقۇر ۋاپادارلىقى، سۆيگىنىگە

بولغان چىن مۇھەببىتى، دىنغا بولغان تەقۋادارلىقى، نامراتلارغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئۇنى گويا پاك «پەرىشتە» سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئەمما چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان هالدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: پۇل ھەممىگە قادىر بولۇۋاتقان، مەنپەئەتپەرەسلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭ مىزانى بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە «پەرىشتە» ئىبلىسنىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ. يېۋگېنى گەرچە ئاق كۆڭۈل، پاك ھېسسىياتلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاخىردا كىشىلىك ھاياتتا تېگىشلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتى بۇ دۇنيادا مۇناخ بولغاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، «ئۇ ئەسلىدە ساداقەتلىك ئايال، كۆيۈمچان ئانىلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئېرىمۇ، بالا ـ چاقىسىمۇ، ھەتتا ئائىلىسىمۇ يوق بولۇشتەك تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار بولدى».

بىز يېۋگېنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بالزاكنىڭ ئۇلۇغ رېئالىستىك يازغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ـ ئۇششاق بۇرژۇئا يازغۇچىلىرىنىڭ تامغىسىنىڭ چوڭقۇر بېسىلغانلىقىنى ھەمدە بەزى ـ بەزىدە مۇتەئەسسىپ ئىدىيىنى، ئاقسۆڭەكلەرگە مايىل بولۇشتەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

بالزاك ئىجادىيەتتە جەمئىيەتنى كۆزىتىش، تەھلىل

قىلىش ۋە ئىپادىلەشتە ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەنقىدى ھەمىشە خىيالىي ئەخلاق قارىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇز پېرسوناژلىرىغا ئۆزى ئالىيجاناب، مۇقەددەس دەپ قارىغان ئەخلاق پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ كاپىتالىزمنىڭ پۇل مۇناسىۋىتى ۋە ئەخلاقىنى يوقاتقانلىقىنى تەنقىد قىلغاندا، كاپىتالىزمنىڭ كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھالدا ئېچىپ تاشلىيالمىغان، ھەتتا ئىلگىرى ئۆزى ئىنكار قىلغان نەرسىلەرنى باشقىدىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بالزاك ئەسىرىدە ئىككى ئەۋلاد گراندېنى يازغان. قېرى گراندېنىڭ مال ــ دۇنياغا ئامراق، بېخىل ئىكەنلىكىنى جانلىق، ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، بىر بۇرژۇئازىيىنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن، ئەمما گراندېنىڭ بۇ خىل سىنىپىي ماھىيىتىنى يازغۇچى بۇ بىر خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەت، بىر خىل شەھۋانىي نەپس، بىر خىل تەلۋىلىك دەپ چۈشەندۈرىدۇ. گراندې مال ــ مۈلكىنىڭ ۋارىسى يېۋگېنىيمۇ دادىسىغا قارشى يول تۇتۇپ «نۇرغۇن خەير ــ ساخاۋەتلىك ۋە ھەققانىي ئىش ــ ھەرىكەتلىرى بىلەن غايىسىدىكى دۇنياغا (جەننەتكە) قاراپ ئىلگىرىلىگەن پاك ــ ئالىيجاناب قەلب ئىگىسى» بولۇپ قالىدۇ، ئاپتور يېۋگېنىيدىن ئىبارەت بۇ

ئەجابىي پېرسوناژلارنى ئىپادىلەشتە يەنىلا روھىي ئا-
لىيجانابلىقنى، ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنى تەكىتلىگەن.

ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئۇسۇلى-
مۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئالدى بىلەن مۇبالىغىلەشتۇرۇل-
گەن تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلار سۈرەت-
لەپ بېرىلگەن. ئاپتور گراندېدىن ئىبارەت دۇنيا ئەدەبىيات
تارىخىدا مەشھۇر بولغان دۇنياخور ۋە بېخىل تىپنى يا-
راتقاندا مۇبالىغىلەشتۇرۇلگەن پورترېت، تىل ۋە ھەرىكەت
تەسۋىرى ئارقىلىق گراندېنىڭ ئاچكۆز، مەككار، بېخىل
ۋە رەھىمسىزلىكىنى روشەن ۋە ئەينەن ئىپادىلەپ بەر-
گەن. گراندې ئۆلۈش ئالدىدا پوپ ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇئا
قىلماقچى بولۇپ، ئالتۇن يالىتىلغان كرېست جازىسى-
نى ئۇنىڭ كالپۇكىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندە، «ئۇ
ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ھالەتتە كرېست جازىنى تۇتماق-
چى بولىدۇ»، ئۇنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندىمۇ
پۇلغا بولغان ئامراقلىقى سۇسلاشمايدۇ، ئەكسىچە جې-
نى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاچقا مال ـ دۇنياغا بولغان
ئامراقلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. پۇلغا تېۋىنىش ئىند-
يىسى ۋە تىرىكچىلىك پەلسەپىسى ئۇنىڭ بۇرۇنقى
ئېتىقادى — خرىستىئان دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى
سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ بارلىق ئارزۇ ـ تىلەك، ئۇ-
مىد ـ ئىشەنچىسىنى پۇلغا باغلايدۇ، پەقەت پۇل ـ دۇنيالا

ئۇنىڭغا روھىي تەسەللى بولالايدۇ. مۇقەددەس دىنىي ئىـ
بادەتتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم — كرېست جازىسى،
شامدان ۋە كۈمۈش يالىتىلغان ئىبىل ئاپتوۋا ئۇنىڭ
ئارزۇ ـ ئىستىكىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ
نەزەرىدە بۇ نەرسىلەر ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەت،
شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى بىر مەيدان تەنتەنىلىك مۇ
راسىم قىزىقارلىق ئويۇنغا ئايلىنىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە يەنە تۈرلۈك پېرسوناژلارنى سېلىشـ
تۇرۇش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبراز ئالاھىدىلىكلىـ
رىنى ئىپادىلىگەن. ئوخشاشلا بىردىنلا بېيىپ كەتكەن
شارلىنىڭ باي بولۇش جەھەتتىكى سىنىپىي ئالاھىدىلىـ
كى گراندېدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مانا بۇ رومانىتىك
سېلىشتۇرۇش جەھەتتىكى بىر تەرىپى؛ رومانىدىكى ئەڭ
ئاساسلىق سېلىشتۇرۇش بولسا ئىجادىي پېرسوناژ يېۋ
گېنىي بىلەن سەلبىي پېرسوناژ گراندې ۋە شارلىنى
ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاتىسىغا قارىغاندا
يېۋگېنىيىنىڭ پۇل ـ دۇنياغا بولغان قارىشى سۇسراق بو
لۇپ، غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ قىلچە قاقشىمايدۇ،
ئۇنىڭ ئىدىيىسى ساپ، كۆڭلى ئاق؛ ئۇ شارلىنىڭ چەت
ئەلگە چىقىپ سودا قىلىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئۈ
چۈن، ئۆزىنىڭ بارلىق پۇلىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ئۇنىڭ
شارلغا بولغان مۇھەببىتى پاك ۋە چىن بولۇپ، شارلىنى

يەتتە يىل ساقلايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بولسا شارلنىڭ ئۇنى شەپقەتسىزلەرچە تاشلىۋېتىشى ئارقىسىدا چەككەن ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ.

تىپىك مۇھىتنى يارىتىش، پۇختا قۇرۇلما ۋە تىلنىڭ خاسلىقى ئىگە بولۇشىمۇ رومانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاپتور 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى كاپىتالىزم تەسىرىدىكى فرانسىيىنىڭ چەت ئۆلكىلىرىنىڭ تۇرلۇك ئەھۋاللىرىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. تىپتىنچ ئۆتۈۋاتقان لوئار دەرياسىدا بېلىقلارنىڭ سەكرىشىپ ئويناشلىرى، قەدىمىي شەھەر ـ بازارلاردىكى سودا ھايانكەشلىكى، پىنھان ـ جىمجىت قورۇدىكى ئائىلە پاجىئەسى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر چىن ۋە ئىنچىكە، ئەينەن ۋە تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن. پۈتۈن رومان گراندې ئائىلىسى، جىيەنى شارل ۋە يېۋگېنىنى قوغلىشىپ يۈرگەن ئىككى كىشىدىن ئىبارەت ئۈچ يىپ ئۈچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەسەر بېشىدىلا بۇ ئۈچ يىپ ئۈچى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن، ئائىلە ئىختىلاپى يۈز بەرگەندىن كېيىن دەرھال يۇقىرى پەللىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، ئەمما يەنە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئاپتور پىخسىق گراندېنىڭ تىلىنىمۇ چىن، تەسىرلىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن

تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئىنتايىن خاسلىقتا ئىگە قىلىن-
غان، بۇ هال ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدۇ.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

1789 ـ يىلىدىكى فرانسىيە زور ئىنقىلابىدىن كې-
يىن كاپىتالىزم كۈنسېرى تەرەققىي قىلىدۇ. جۇمھۇرى-
يەتچىلەر ھۆكۈمىتى ۋە خانىدانلىق تىرىلگەن مەزگىلدە
بىردىنلا بېيىغان زور بىر تۈركۈم بۇرژۇئا ئائىلىلىرى
بىلەن ئەمەلدار ـ تۆرىلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ھا-
يانكەشلىك قىلىدۇ، بازارلارنى كونترول قىلىۋالىدۇ. مال
باھاسىنى ئۆستۈرىدۇ، پىتنە ـ پاسات توقۇپ ئالدامچىلىق
قىلىدۇ. قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاسىتىلەر بىلەن
ئىپتىدائىي كاپىتال توپلايدۇ، ئاندىن كېيىن زايوم سو-
دىسىغا چات كىرىپ، پاي چېكى ئالماشتۇرۇش بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بايلىقى تېزلا
كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇلار سودا كاپىتالىستلىرى، شۇن-
داقلا پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستلىرىدۇر. ئۇلار پۇل شى-
لىۋېلىشنى ياشاش مەقسىتى ۋە كىشىلىك ھاياتىنىڭ
نىشانى قىلىشىدۇ. بۇرژۇئازىيە دۆلەت قانۇنى ۋە جامائەت
پىكرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش

ئۇچۇن ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىق قىلىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، پۇل پەيدىنپەي ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، پۇل ھۆ-كۇمرانلىقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى كۈنسېرى كۈچىيىدۇ.

بۇ چاغدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۆنسايىن گەۋدىلىنىدۇ، بۇ زىددىيەتلەر ھەم پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلى-نىدۇ، ھەم بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددى-يەت، يەنى چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلى-نىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتە خىيالىي سوتسىيالىزم تەلىماتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى داۋاملىق تارقىلىدۇ. ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىدىيىسىنىڭ ئۆز-گىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەزگىلدىكى فرانسىيە ئەدەبى-ياتىدىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، تەنقىدىي رېئا-لىزم ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات فران-سىيە فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە بۇرژۇئازىيە غەلىبىسىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇل ھۆكۈمرانلىقىدىن ئى-بارەت رەزىل ئىدىيىسىگە زەربە بېرىدۇ. بالزاك دەل مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئىجادىيەت بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ. «يېۋگېنىي گراندې» ۋەكىللىكىدىكى «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» دە ئەكس ئەتتۇرۇلگىنى دەل شۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇش ۋە ئىدىيىدۇر.

روماندىكى گراندې دەل كاپىتالىنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دەۋرىدىكى بىردىنلا بېيىپ كەتكەن ئائىلە-لىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر، ئاپتور گراندېدىن ئىبارەت فرانسىيە زور ئىنقىلاۋبى دەۋرىدىكى بۇرژۇئا باي ئائىلىسىنىڭ تىپى ئارقىلىق فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ جىنايەت-لىك باش بولۇش تارىخىنى پاش قىلغان، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ مال - دۇنيا توپلاش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، كاپىتالىزم جەم-ئىيىتىدىكى ئادەملەر ئارىسىدىكى چېكىدىن ئاشقان رەھىمسىز پۇل مۇناسىۋىتىنى تەنقىدلىگەن.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

گراندې: گراندې «يېۋگېنىي گراندې» رومانىدىكى مۇھىم پېرسوناژ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق دۇنياخور ۋە بېخىل بولۇپ، «بۇ ئالەمدىكى كومېدىيىلەر» دىكى نۇرغۇن ھايانكەش «قەھرىمان»-لارنىڭ بىرىدۇر. گراندې چوڭ زېمىندار، شۇنداقلا پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستى، ئۇنىڭ كىچىك شەھەر سومۇرادا

كۆندىن ـ كۈنگە بېيىپ كەتكەنلىكى فرانسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى يەر ـ زېمىن، پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. گراندې ئوبرازىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

يېۋگېنىي: بالزاكنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «گۈزەل ھېسسىياتقا ئىگە» غايىۋى پېرسوناژنىڭ بىرى. ئاپتور ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان چوڭقۇر ۋە سەمىمىي ۋاپادارلىقى، سۆيگىنىگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتى، دىنغا بولغان تەقۋادارلىقى، شۇنداقلا نامراتلارغا بولغان چەكسىز ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنى گويا بىر پاك «پەرىشتە» سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئەمما ئاپتور مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

«پۇل ھەممىگە قادىر بولۇۋاتقان، مەنپەئەتپەرەسلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭ مىزانى بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە ‹پەرىشتە› ئىبلىسنىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ. يېۋگېنىي گەرچە ئاق كۆڭۈل، پاك ھېسسىياتلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاخىردا كىشىلىك ھاياتتا تېگىشلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ھاياتى بۇ دۇنيادا مۇناخ بولغاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ»؛ «ئۇ ئەسلىدە ساداقەتلىك ئايال ۋە كۆيۈمچان ئانىلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئېرىمۇ، بالا ـ چاقىسىمۇ،

ھەتتا ئائىلىسىمۇ يوق بولۇشتەك تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ».

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«بۇرژۇئازىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى»: گراندېنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، مال ـ مۈلكى ۋە ئۇنىڭ بېيىش تارىخىنى تونۇشتۇرغان، ئىنچكە تەسۋىرلەر بىلەن ئۇنىڭ بېخىل پىسخىكىسىنى، شۇنداقلا تۇرمۇشى ۋە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق فرانسىيە زور ئىنقىلابىدىن كېيىن بىردىنلا بېيىغان ئائىلىلەرنىڭ بېيىش جەريانىنى بايان قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆپ مىقداردا بايلىق جۇغلاش ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان.

«يېڭىگېنىڭ مۇھەببىتى»: گراندېنىڭ جىيەن ئوغلى شارل سومىيۇرا شەھىرىگە كېلىدۇ، ئۇ سالاپەتلىك، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ناھايىتى تېزلا يېۋگېنىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدۇ.

«گراندېنىڭ ئۆلۈمى»: گراندې ئاغرىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويمايدۇ، ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئالتۇن ـ تىللالىرى يوشۇرۇلغان

مەخپىي خانىسىغا بىرىپلا قالماي، يەنە قىزىغا پۇللارنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئەكەلگۈزىدۇ. گراندې جېنى تۇمشۇ-قىغا كېلىپ قالغاندىمۇ يەنىلا ئالتۇن يالىتىلغان كرېست جازىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى كېلىپ كې-تىدۇ. گراندې سەكراتتا ياتقاندىمۇ پۇلغا بولغان ئامراق-لىقى سۇسلاشمايدۇ، ئەكسىچە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقتىن مال ـ دۇنياغا بولغان ئامراقلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. پۇلغا تېۋىنىش ئىدىيىسى ۋە تىرىكچىلىك پەلسەپىسى ئۇنى بۇرۇنقى ئېتىقادى — خرىستىئان دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ بارلىق ئار-زۇ ـ ئىستەك، ئۈمىد ـ ئىشەنچىسىنى پۇلغا باغلايدۇ، پە-قەت پۇللا ئۇنىڭغا روھىي تەسەللى بولالايدۇ. مۇقەددەس دىنىي ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم — كرېست جا-زىسى، چامادان ۋە كۈمۈش يالىتىلغان ئىسىل ئاپتۇۋا ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. ئۇنىڭ نەزەردە بۇ نەرسىلەر ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى بىر مەيدان تەنتەنىلىك مۇ-راسىم قىزىقارلىق ئويۇنغا ئايلىنىدۇ.

«يېۋگېنې گراندې» نىڭ مۇھىم نۇقتىسى گراند-دېنىڭ بېيىش تارىخى ۋە يېۋگېنېنىڭ تويىدىن ئىبا-رەت ئىككى مەزمۇننى ئورگانىك هالدا بىرلەشتۇرۇپ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى تېپىك خەسىسنىڭ ئوبرازىنى

ئىنچىكە تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەر-گەنلىكىدىن ئىبارەت، بىز ئاپتورنىڭ قانداق قىلىپ ئۇ-قۇملاشقان نەرسىنى بەدىئىيلەشتۈرگەنلىكى، ئوبرازلارشى-تۇرغانلىقى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق كىچىكتىن چوڭنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى ئۆگىنى-شىمىز لازىم.

ئەسەردىكى گراندېنىڭ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن تىلى، ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر، يېۋگېنېدە مۇھەببەت پەيدا بولۇشتىن تارتىپ مۇھەببى-تى كۆپۈككە ئايلانغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى پسى-خىك تەسۋىرلەر رومانىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز، كونكرېت تىل، ھەرىكەت قاتار-لىقلار ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئابستراكت ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MjIuemlw",
"filename_decoded": "40326522.zip",
"filesize": 11699224,
"md5": "c625dfde5ef26c5fad9b245a1b290349",
"header_md5": "14f7d5f54c09477d54860d6d27cdff48",
"sha1": "dd70a889d94a600d88314647e5f9e023dc021105",
"sha256": "cfbd4623331dd076f5752524a63338d3c503dde922dfc80774bd388d1e4e8906",
"crc32": 151503755,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 11976580,
"pdg_dir_name": "\u253c\u2556\u2565\u2593\u2500\u258c \u2555\u2261\u2514\u2554\u2560\u00bf\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326522",
"pdg_main_pages_found": 225,
"pdg_main_pages_max": 225,
"total_pages": 234,
"total_pixels": 665237184,
"pdf_generation_missing_pages": false
}